دوكتور ئالىمجان بۇغدا

تارىخىي ماتېرىياللاردا

# شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى

# ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي قانۇنى

سۇتۇق بۇغراخان نەشرىياتى

بسم الله الرحمن الرحيم

بۇ كتابنى 1933 - يىلى قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دۆلىتىمىزنىڭ 85 - يىللىقىغا بېغىشلايمىز!

دوكتور ئالىمجان بۇغدا

تارىخي ماتېرىياللاردا

# «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»

## ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي قانۇنى

سۇتۇق بۇغراخان نەشرىياتى

دوكتور ئالمجان بۇغدا
Dr.Alimcan BUĞDA

تارىخىي ماتېرىياللاردا
# «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»
ۋە ئۇنىڭ ئاساسىي قانۇنى

***Tarihi Vesikalarda***

**Doğu Türkistan İslam Cumhuriyeti ve Anayasası**

**مۇھەررىر، كوررېكتور بەت لايىھەلىگۈچى: ئا.ئاقھۇن**

**2 - نەشرى / 2018 - يىل نويابىر / 1440 ھ سەفەر**

ISBN: 978-605-2009-13-0

**سۇتۇق بۇغراخان نەشرىياتى نەشر قىلدى**
**تۈركىيە - ئىستانبۇل**

**نەشرىيات:**
Akpa Yayın Dagıtım
Srtfk no: 22756
Adres: Klavuz Çayır Cad No/49/6
Küçukyalı/İstanbul

**باسقۇچى ۋە مۇقاۋىلىغۇچى ئورۇن:**
Sertıfıka
Ofıs Yay Matbaa Kağıt San Ltd.sti
Maltepe Mah. Gumussuyu Cad.no21/Z-1
Topkapı/Zeytinburnu/İst
Srtfk No: 14973

# مۇندەرىجە


تەقرىز ........ 005

تەقرىز ........ 007

كىرىش سۆز ........ 009

گېزىتلەر ........ 019

«شەرقىي تۈركىستان ھاياتى» گېزىتى ........ 021

«ئەركىن تۈركىستان» گېزىتى ........ 031

«يېڭى ھايات» گېزىتى ........ 033

گېزىتلەردىكى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى»گە ئائىت مەزمۇنلار ........ 035

بۇگۈنلەردىكى سىياسىي ئەھۋالىمىز ........ 037

يېڭى قازىلار ........ 042

ئىدارە، ئىنتىزام ۋە مائارىپ ........ 043

قەشقەردىكى ئىسلام ھۆكۈمىتى باش قوماندان ئالىيلىرىدىن ........ 050

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى ........ 051

ھەق جايىدا قارار تاپتى ........ 054

خوتەن ئىنتىپاقى ........ 056

رەئىسى جۇمھۇرىمىز ........ 057

تەشرىپ ........ 058

داخىلى ئەھۋال (ئىچكى خەۋەرلەر) ........ 059
تەشرىپ ........ 059
ئۇلۇغ ۋەكىللەر ........ 059
بىزگە ھۆكۈمەت كېرەك ........ 061
قەشقەردە ھۆكۈمەت قۇرۇلىشى ........ 068
شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى جاكارلاش مۇراسىمى
ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار رەسىم ۋە مەلۇماتلار ........ 075
داخىلى (ئىچكى) خەۋەر ........ 090
ئالىملىرىمىز نەدە ........ 091
ئىچكى ئەھۋال (رەسمىي مەلۇمات) ........ 095
مەملىكەتتە پۇل مەسىلىسى ........ 097
1933 - يىلى چىقىرىلغان بىر قىسىم پۇللارنىڭ رەسىملىرى ........ 099
تەيىن ........ 101
مۇھىم قارار ........ 102
ئېلان ........ 103
يا ئىتتىپاق يا خاراب ........ 104
ھازىرقى سىياسىي ھالىمىز ........ 109
ئەسەبىلىك (ئەپسۇسلىنارلىق) ۋاپات ........ 113
تەستىق ........ 114
بۈيۈك رەھنىمالىرىمىز تەشرىپ ئەتتىلەر ........ 115
تۈركىيە دۆلىتىگە ........ 116
ئەنگلىيە دۆلىتىگە ........ 118
**ئىستىقلال مەجمۇئەسى** ........ 121

ئىستىقلال مەجمۇئەسى ........ 123
ئىستىقلال مەجمۇئەسى شەرقىي تۈركىستاندا ........ 129
مەرام ۋە مەقسەت (كىرىش سۆز) ........ 130
شەرقىي تۈركىستان مەركىزىي ئىستىقلال جەمئىيىتىنىڭ
نىزامنامىسى ........ 132
«جەمئىيەتنىڭ مەقسەت ۋە مەرامى» ........ 133
**رەسمىي ئىدارە - ئورگانلار** ........ 141
كاشغەر ۋىلايەت ئىستىقلال مەھكىمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى ........ 143
شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنىڭ قۇرىلىشى ........ 146
«شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى قۇرۇلۇشى» نىڭ باياننامىسى ........ 148
دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشىدىكى مەقسەت ........ 155
مەركەز قوماندان (باش قوماندان) ........ 159
يىڭى تەيىنلەر ........ 162
**ئىجتىمائىييات** ........ 165
قانۇن ئاساسى (ئاساسىي قانۇن) ........ 167
قانۇن ئاساسى (ئاساسىي قانۇن) ........ 167
مۇقەددىمە ........ 167
**بىر قىسىم ماقالىلەر ۋە ئۇقتۇرۇشلار** ........ 193
تۇتقۇنلۇق (مۇستەملىكە) دەۋرى ........ 195
ئىنقىلابنىڭ بىرىنچى دەۋرى ........ 200
خائىن تۇڭگانلار ........ 201
كاشغەر پىتنىۋازلىرىغا مۇراجىئەت ........ 205
«ئىستىقلال» يولىدا ........ 208

تەرغىبات ........ 211
بىرگە تاش يۇرەكلىك (چىدامچان) ئىشچىلار كېرەك ........ 216
شەرقىي تۈركىستاندا بۈگۈنكى ھايات ........ 220
شەرقىي تۈركىستاندا پۇل مەسلىسى ........ 224
يېڭى چىققان مىللىي ئاقچا توغرىسىدىكى باش
مىنىستىرنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى ........ 227
**ئەدەبىيات - سەنئەت** ........ 231
ھايۋانات (لار) تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان ھېكايە ........ 233
باشلاندى ........ 237
ئالتاي تاغلىرى ........ 244
تۈرك ئوغلىمىز ........ 246
غەيرەتلىك باتۇر ........ 247
**يۇرت خەۋەرلىرى** ........ 251
ئوسمان ئەلى بەگ نېمىشقا ۋە قانداق تۇتۇلغان ........ 253
ۋەكىل ئابدۇللىتىپ ئەپەندىنىڭ تەشرىپى ........ 255
مىللىي ئىجاد ........ 256
غالادانى بانكىسى ........ 256
ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن ........ 257
ئالىي جاناپلار ........ 257
تىجارەت نازارىتىگە: ........ 258
بىلدۈرۈش (ئۇقتۇرۇش): ........ 258
ئىستىقلال جەمئىيىتىنىڭ ئىلمىي ھەيئىتى تەرىپىدىن ........ 259

بِسْمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحْمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

# تەقرىز

پۈتكۈل گۈزەل مەدھىيە ۋە ماختاشلار بىزگە قەلەم بىلەن يېزىشنى ئۆگەتكەن چەكسىز قۇدرەت ساھىبى ئاللاھقا؛ كامىل دۇرۇت ۋە سالام مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولسۇن.

قولىڭىزدىكى بۇ ئەسەر، 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا مەزلۇم، قەھرىمان، جەڭگىۋار شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ قارا نىيەت، رەزىل، ئاچكۆز، پېچەك ۋە نىجىس خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى قورallıق جىھادىي كۆرەشلىرىنى، ئۆز ۋەتىنىنى قوغداش ۋە دۆلىتىنى قۇرۇپ چىقىش يولىدىكى پەۋقۇلئاددە غەيرەت ۋە ئالىيجانابلىقىنى، شۇنداقلا ئاللاھنىڭ ئادالىتىنى بەرپا قىلىش يولىدىكى ئۇلۇغ سەۋىيە ۋە تىرىشچانلىقىنى قىسقا ۋە مېغىزلىق قىلىپ ئىلمىي پاكىتلار بىلەن ئىپادىلەپ بەرگەن.

بۇ ئەسەر، جەڭگىۋار شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىنسانلىق ۋە ھاياتلىق دۈشمىنى خىتاي تاجاۋۇزچىلىرىغا قارشى كۈرەشتە، ئۆزىنىڭ مىللىي دۆلىتىنى ۋە دۆلىتىنىڭ ئانا قانۇنى (ئاساسىي قانۇن) نى تۈزۈپ چىقىشتا تۈپ مەنبە بولالايدۇ. ئىنشائاللاھ.

ئابدۇلقادىر ياپچان

2018 - يىلى 10 - ئاينىڭ 31 - كۈنى

# تەقرىز

قولىمىزدىكى بۇ ئەسەر، 1933 - يىلى ۋەتىنىمىزدە قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت ئاپپاراتى، بايرىقى، ئاساسىي قانۇنى، دۆلەت ئەركانلىرى ۋە خىزمەت - پائالىيەتلىرى ھەققىدە ئىنتايىن قىممەتلىك مەلۇماتلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغاندۇر. ئاساسەن شۇ دەۋردە چىققان گېزىتلەرنى ۋە شۇ دۆلەتنىڭ ئورگان ژۇرنىلىدا نەشر قىلىنغان تارىخىي ۋە ئەدەبىي ماتېرىياللارنى مەنبە قىلغان، ئىلمىي قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى، شۇ جۇمھۇرىيەتنى قايتىدىن قۇرۇشقا تەلپۈنىۋاتقان ئەۋلادلىرىمىز ئۈچۈن مەنىۋى ئوزۇق مەنبەسى، ھەر بىر شەرقىي تۈركىستانلىقنىڭ ئۆيىدە كەم بولسا بولمايدىغان بىر رەھنەمادۇر.

ئەسەرنىڭ مۇئەللىپى گەرچە ئىسلام قانۇنى مۇتەخەسسىسى بولسىمۇ، ۋەتىنىمىز ۋە مىللىتىمىز ئالدىدىكى مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىش، مىللەتنى ئاقارتىش ۋە ئويغۇتۇش ھەرىكىتىگە بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇش مەقسىتىدە ئۇزۇن يىلدىن بېرى ئاشۇ دەۋرگە ئائىت ماتېرىياللارنى توپلاپ نەشر قىلىش ئۈچۈن ئىزدىنىۋاتقان ۋە جاپا چېكىۋاتقان بىر سەپدىشىمدۇر. بۇ ئەسەر بولسا، ئۇنىڭ بۇ ساھەدىكى

ئىزدىنىشلىرىنىڭ مېۋىلىرىدىن بىرىدۇر. ئاللاھ، قېرىندىشىم دوكتور ئالىمجان بۇغداغا كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلغاي، تېخىمۇ خىزمەتلەرگە مۇۋەپپەق قىلغاي، ئامىن.

ھۆرمەت بىلەن ئابدۇلخالىق ئۇيغۇر

2018,10,31

# كىرىش سۆز

تۈرك قەۋملىرى ئىچىدىكى تۇنجى شەھەر ھاياتىغا ئۆتكەن، يېزىق ئىجاد قىلغان، ئەڭ ئىلغار مەدەنىيەتكە ئىگە بولغان خەلق ئۇيغۇرلاردۇر. قاراخانىيلار سۇلتانى ئابدۇلكەرىم سۇتۇق بۇغراخاننىڭ 920 - يىلى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى بىلەن ئۇيغۇرلار تۈرك - ئىسلام دۇنياسىدا ئىلىم ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە تېخىمۇ يۈكسەك پەللىگە يەتتى. ئۇيغۇرلار 1678 - يىلى يەكەن سەئىدىيە خانلىقى ئاغدۇرۇلغاندىن تارتىپ تاكى 1876 - يىلى ياقۇپبەگ تەرىپىدىن قەشقەرىيە دۆلىتى قۇرۇلغىچە بولغان ئارىلىقتا مىسلىسىز پاجىئەلەرگە دۇچار بولدى. نۇرغۇن ئىقتىدارلىق سىياسىيونلار، ئالىم - ئۆلىمالار، سەنئەتكارلار ۋە بايلار رەھىمسىز قىسمەتلەرنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتتى. خەلقنىڭ جېنى، مېلى، ئىپپەت - نومۇسى ۋە ئىززەت - شەرىپىنىڭ قورغىنى بولغان ۋەتەن باشسىز؛ مىللەتنىڭ دىنىنى قوغدايدىغان ۋە مىللىي ئاڭ - سەۋىيەسىنى ئۆستۈرىدىغان، ئىلىم - ئېرپانىنى بېيىتىدىغان مەدرىسىلەر ئۇستازسىز؛ مىللىي ھاياتىمىزغا مەنە بېغىشلايدىغان

مەدەنىيىتىمىز ئىگىسىز؛ شەرەپلىك ھاياتىمىزنىڭ كاپالىتى بولغان ئىقتىسادىمىز تىجارەتچىسىز قالدى. قىسقىسى ئۇيغۇر خەلقى سىياسىي جەھەتتە مەھكۇملۇق، دىنىي جەھەتتە خۇراپاتلىق، ئىقتىسادىي جەھەتتە يوقسۇللۇق پاتقىقىغا - باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئاسان قۇتۇلغىلى بولمايدىغان ئېغىر جاھالەت پاتقىقىغا پاتقانىدى.

19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا يەنى 1876 - يىلى ياقۇپبەگ تەرىپىدىن قەشقەرىيە دۆلىتىنىڭ قۇرۇلىشى بىلەن، ئۇيغۇر خەلقى بىرئاز بولسىمۇ قەددىنى رۇسلاش پۇرسىتىگە ئىگە بولدى. بىر تەرەپتىن ئوسمان ئىمپېرىيەسى بىلەن زىچ ئالاقە ئورناتقان قەشقەرىيە دۆلىتى، ئىسلام دۇنياسى ۋە غەرب دۆلەتلىرى بىلەنمۇ مۇناسىۋەت قۇرغانىدى. بۇ دەۋر، 600 يىل ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھامىيسى بولغان ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ غەرب دۇنياسى بىلەن جىددىي سۈركىلىش ئىچىدە تۇرۇۋاتقان مەزگىلىگە توغرا كەلگەن ئىدى. غەرب دۆلەتلىرى ئوسمان ئىمپېرىيەسىنىڭ ھىمايىسى ئاستىدىكى نۇرغۇنلىغان ئىسلام دۆلەتلىرىنى ئىشغال قىلىۋالغان ئىدى. تۈركىستان زېمىنىغا كۆز تىكىپ تۇرغان رۇسىيە ۋە مانجۇ خانلىقى، بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، قەشقەرىيە دۆلىتىنى مۇنقەرز قىلدى. مانجۇ خانى 1887 - يىلىدا شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلدى. گەرچە قەشقەرىيە دۆلىتىنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولمىغان بولسىمۇ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ دۆلەتچىلىك ئېڭىدا ئىجابىي تەسىر

پەيدا قىلغان ئىدى.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئىسلام دۇنياسىدىكى مۇسۇلمانلار دىنىي جەھەتتە بىدئەت ۋە خۇراپاتلىق؛ ئىقتىسادىي جەھەتتە بوھران ۋە يوقسۇللۇق؛ سىياسىي جەھەتتە مۇستەملىكە؛ ئاڭ ۋە پىكىر جەھەتتە نىزا ۋە تەپرىقە ئىچىدە ئىدى. بۇ سەۋەبتىن ئىسلام دۇنياسىدىكى مەشھۇر مۇجتەھىد ۋە مۇتەپەككۇرلار، مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە غەرب دۆلەتلىرىنىڭ ئىشغالىيىتىدىن قۇتۇلۇش چارە - تەدبىرلىرى ئۈستىدە جىددىي ئىزدىنىشكە باشلىدى. ئەرەب دۇنياسىدا جامالىدىن ئافغانى، مۇھەممەد ئابدۇ، رەشىد رىزا ۋە ھەسەنۇلبەننا (1906 - 1949) قاتارلىق زاتلار؛ تۈرك دۇنياسىدا بولسا، مۇسا كازىم ئەپەندى (1859 - 1920)، قىرىملىق ئىسمايىل غاسپىرالى، مەھمەت ئاكىف ئەرسوي (1872 - 1936) ۋە مۇسا جارۇللاھ (1875 - 1949) قاتارلىق زاتلار؛ ھىندىستاندا بولسا، مۇھەممەد ئىقبال (1877 - 1938) ۋە ئەبۇلئەلا مەۋدۇدىي (1903 - 1979) قاتارلىق زاتلار «ئىسلاھات ھەرىكىتى»نى باشلاشتى.

ئىسلام دۇنياسىنىڭ ۋە تۈرك دۇنياسىنىڭ بىر قىسمى بولغان ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندىمۇ ئىلغار پىكىرلىك ئەجدادىمىز خىتايلارنىڭ ئىشغالىيىتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، باشقا ئىسلام دۇنياسىغا ئوخشاشلا ئەڭ ئەۋۋەل مائارىپ ساھەسىدە «جەدىدچىلىك ھەرىكىتى» نى قوزغىدى. شەرقىي

تۈركىستانىنىڭ مەشھۇر بايلىرىدىن مۇسا باي ۋە ئوغۇللىرى ھۈسەنبەگ (؟ ـ 1926)، باھاۋۇدۇنبايلار (؟ 1927 ـ) مىللەتنى ماددىي ۋە مەنىۋى بوھراندىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بىر تۈركۈم ياشلارنى قازان، ئوتتۇرا ئاسىيا، مىسىر ۋە تۈركىيە قاتارلىق دۆلەت ۋە رايونلارغا ئىلىم تەھسىل قىلىش، ئىلغار پىكىر ۋە تەجرىبىلەرنى ئىگىلەش ئۈچۈن يوللىغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن تۈرك دۇنياسىدىكى مۇنەۋۋەر كىشىلەرنى تەكلىپ قىلىپ، يېڭىچە مەكتەپلەر ۋە مىللىي ئاقارتىش ھەرىكەتلىرىنى قانات يايدۇردى. بۇ بايلارنىڭ تۇتاشتۇرغان مەشئىلى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ھەممە يېرىنى يورۇتۇشقا باشلىدى. ئۇزۇن ئۆتمەستىن بۇخارادا يۇقىرى ئىلىم تەھسىل قىلغان ئابدۇقادىر داموللام (1924 ـ 1854) بۇ مەشئەلنى تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈپ، مىللەتنى جاھالەتتىن قۇتۇلدۇرۇش، مىللىي ۋە ئىسلامىي كىملىك (توغرىسى شەرقىي تۈركىستانلىق كىملىكى) نى خەلق قەلبىدە يېڭىدىن ئويغىتىش ئۈچۈن، ئىشنى قەشقەر دىيارىدىكى تارىخىي ئىلىم مەركىزى بولغان خانلىق مەدرىسىنىڭ تەلىم - تەربىيە مېتودىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش بىلەن باشلىدى. خانلىق مەدرىسىدىكى ئىسلامىي ئىلىملەرنى دوگما ئەرەبچە ئوقۇشتىن ئىبارەت خاتا مائارىپ مېتودىنى ئۆزگەرتىپ، ئەرەبچە، پارسچە بىلەن بىرگە ئۇيغۇرچە ۋە پەن ساھەسىدىكى ئىلىملەرنىمۇ دەرسلىك كاتېگورىيەسىگە كىرگۈزدى. ئابدۇقادىر داموللام بەزى دەرسلىك كىتابلىرىنى ئۆزى، ئۇيغۇر ۋە ئەرەب تىلىدا

يازدى ۋە تالىپلىرىغا ئوقۇتتى. بۇنىڭ تۈركىيىدە يېتىلگەن تالىپلار قىسقا ۋاقىت ئىچىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا يېڭى مائارىپ مېتودىنى كەڭ قانات يايدۇردى. بۇ مېتود بويىچە تەربىيەلەنگەن ئوقۇغۇچىلار شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى دىنىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مائارىپ، ئەدەبىيات، تارىخ قاتارلىق ساھەلەردە كۆزگە كۆرۈنگەن ئابىدە شەخسلەرگە ئايلاندى.

مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە يېتىلگەن قۇتلۇق ھاجى شەۋقى (1876 ـ 1937) مىسىر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى مەشھۇر ئالىملاردىن ئالغان ئىلىم، ئىگىلىگەن تەجرىبىلىرىنى قەشقەردە يېڭىچە مائارىپ ھەرىكىتىگە ئاكتىپ تەتبىقلاپ، مىللىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى تەسىس قىلىش ۋە ئەڭ مۇھىمى خەلقىگە تۈرك ـ ئىسلام دۇنياسىدا ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى يەتكۈزۈش ئارقىلىق خەلقىنىڭ دىنىي، مىللىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي.... ساھەسىدىكى ئاڭ ـ سەۋىيەسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن گېزىت ـ ژۇرناللار چىقاردى. بەزىدە گېزىتلەرنىڭ ئىسمى ئۆزگەرگەن بولسىمۇ، نىشانىدىن چەتنىمىدى. بۇ ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاننىڭ يېقىنقى زامان تىراگېدىيەلىك تارىخىنى كېيىنكى ئەۋلادلارغا يەتكۈزدى. خەلقىمىز نۆۋەتتە ئەنە شۇ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى ۋەقەلەردىن ساۋاق ئېلىپ، كەلگۈسىنىڭ ئىستراتېگىيەسىنى تۈزمەكتە.

مەمتىلى تەۋپىق ئەپەندىم (1937 ـ 1901) تۈركىيەدىكى مەزگىلدە ئىگىلىگەن تەجرىبىلىرى بويىچە، يېڭىچە مائارىپ سىستېمىسىدا مەكتەپ، ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى ۋە ئىزچى ئەترەتلىرىنى قۇرۇپ، ياشلار ئىچىدە مىللىي ئويغىنىش ھەرىكىتىنى قوزغىدى. ئەسىرلەرچە زۇلۇم ـ ستەم ئاستىدا ئېزىلىپ، ئۆزلۈكىنى، جاسارىتىنى، ئۆزئارا ئىشەنچىسىنى يوقاتقان خەلقكە يېڭىدىن روھ بېرىش ئۈچۈن، ياشلاردىن «ئىزچىلار ئەترىتى» تەشكىللەپ ئىزچى مارشلىرىنى ياڭرىتىپ، شەھەرمۇ شەھەر ئايلاندۇردى. تەۋپىق ئەپەندىم بىرىنچى قارارا تەربىيەلەنگەن ئوقۇغۇچىلىرىنى ھەرقايسى ۋىلايەت ۋە ناھىيەلەرگە «ئاقارتىش ئەلچىسى» قىلىپ يوللىدى. خەلق ئاممىسى بۇ پىداكار ئەزىمەتلەرگە باغرىنى ئاچقاچقا، تېز سۈرئەتتە مەكتەپلەر قۇرۇلدى. بۇنىڭ تۈرتكىسىدە ۋەتىنىمىزنىڭ ھۆرلۈكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان كۆپلىگەن زىيالىيلار يېتىشىپ چىقتى.

1913 ـ يىلىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ شەرقىدىكى قۇمۇلدا تۆمۈر خەلىپىنىڭ باشچىلىقىدا زالىم خىتايغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. گەرچە خىتاينىڭ ھىيلە ـ نەيرەڭلىرى بىلەن تۆمۈر خەلپە شېھىت قىلىنغان بولسىمۇ، مۇستەقىللىق مۇجادىلىسى ئۈزلۈكسىز داۋام قىلدى. تۆمۈر خەلپىنىڭ سەپدىشى ۋە 1933 ـ يىلى قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» نىڭ رەئىسى بولغان خوجىنىياز ھاجىم مۇستەقىللىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قۇمۇلدىن

باشلاپ شەرقىي تۈركىستانىنىڭ شىمالىدا تاجاۋۇزچى ۋە ئىشغالىيەتچى مۇستەبىت زالىم خىتايلارغا قارشى توختىماي كۈرەش قىلدى.

سابىت ھاجىم داموللام ۋە مۇھەممەد ئىمىن ھەزرىتىم قاتارلىق سىياسىيون ئالىملارنىڭ پىكىر بىرلىكى نەتىجىسىدە دۇنيادىكى ۋە ئەتراپىدىكى شارائىتنىڭ ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، ئۆزئارا ئىتتىپاقلىشىپ، غەربىي تۈركىستان ۋە باشقا دىيارلاردىكى سىياسىي كىرىزىستىن قېچىپ كەلگەن ئىلغار پىكىرلىك مۇھاجىرلار بىلەن بىرلىشىپ، شەرقىي تۈركىستانىنىڭ جەنۇبىدا تاجاۋۇزچى، ئىشغالىيەتچى مۇستەبىت خىتايلارغا قارشى كەڭ كۆلەملىك مىللىي مۇستەقىللىق مۇجادىلىسىنى داۋاملاشتۇردى. ئۇزۇنغا بارماي بۇ مۇجادىلە مېۋە بېرىشكە باشلىدى. ئەڭ ئەۋۋەل شەرقىي تۈركىستانىنىڭ خوتەن رايونىدا «خوتەن ئىسلام ئەمىرلىكى» قۇرۇلدى. شەرقىي تۈركىستانىنىڭ تارىخىي پايتەختى بولغان قەشقەرنى ئازاد قىلىش بىلەن بىرگە، شەرقىي تۈركىستانىنىڭ تامامىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان مىللىي بىر دۆلەت قۇرۇشنىڭ مۇھىم ئىكەنلىكىدە ئىتتىپاق بولغان «خوتەن ئىسلام ئەمىرلىگى» خوجىنىياز ھاجىم ۋە باشقا مىللىي مۇجادىلە ھەرىكىتى ئىچىدە بولغانلار بىلەن بىرلىشىش ئۈچۈن سابىت داموللامنى ئەۋەتتى. سابىت داموللام دەرھال قەشقەرگە يېتىپ كېلىپ، قەشقەردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تۈركىيەدىن كەلگەن مۇھاجىر ۋەتەنپەرۋەرلەر، تۈرك ۋە ئىسلام بىرلىكى

ئېلىنغا ئىگە ئىلغار پىكىرلىك كىشىلەر بىلەن بىرلىشىپ «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال جەمئىيىتى» نى قۇردى. بۇ جەمئىيەت ئۇزۇن ۋە مۇشەققەتلىك كۈرەش نەتىجىسىدە 1933 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دۆلىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى دۇنياغا جاكارلىدى.

دۆلەت ئىنسانىنىڭ جېنى ۋە ھاياتىنى، مال ـ مۈلكىنى، ئىززەت ـ ئابرۇيىنى، ئىپپەت ـ نومۇسىنى، دىن ۋە ھۆرلۈكىنى قوغدايدىغان ئەڭ ياخشى قورغان. شۇڭا، ئوخشاش تېررىتورىيەدە، ئوخشاش ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان ئىنسان ئەۋلادى، ئۆزى ۋە جەمەت ـ قەۋمىنى قوغداش، باياشات ياشاش، قىممەت قارىشىنى ساقلاش ئۈچۈن ئەسىرلەر بويى دۆلەت قۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. تارىختا نۇرغۇنلىغان دۆلەت ۋە ئىمپېراتورلۇقلار ئۆتتى. بەزىلىرى دۇنياغا ئادالەت ۋە مەدەنىيەت تارقاتقان بولسا، بەزىلىرى ئىنسانىيەتكە ئاپەت ۋە بالا بولدى. ئاخىرىدا ھەممىسىنىڭ قىلمىشلىرى تارىخ سەھىپىسىدە يا شەرەپ مېلودىيەسى ياكى نەپرەت ئابىدىسى سۈپىتىدە قالدى.

تۈرك قەۋملىرى ئىچىدىكى ئۇيغۇر تۈركلىرى تارىختا نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەرنى قۇرۇپ، ئادالەت بىلەن يۇرت سورىغان، ئىنسانىيەتكە ئىلىم ـ ئىرپان ۋە مەدەنىيەت

تارقاتقان، زۇلۇم قىلمىغان، زالىمغا يانتاياقمۇ بولمىغان. ھەر دەۋردە زامان ۋە شارائىتقا ئۇيغۇن، ئۆزىنىڭ قىممەت قارىشىنى ئاساس قىلغان ھالدا ھاكىمىيەت بەرپا قىلغان.


20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە، ھەر ساھەدىكى ئىقتىدارلىق كىشىلەرنىڭ مۇستەقىل بىر دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن بىر نىيەت ـ بىر مەقسەتتە ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى، شەرقىي تۈركىستاندىكى قازاق، قىرغىز، ئۆزبېك قاتارلىق قان قېرىنداش تۈرك قەۋملىرىنىڭ، موڭغۇل قاتارلىق قېرىنداش قەۋملەرنىڭ ھەمكارلىشىشى نەتىجىسىدە، زامانىۋى دۇنيادىكى دۆلەتلەردىن قېلىشمايدىغان بىر مىللىي دۆلەت قۇرغانىدى. بۇ دۆلەت، بىر دۆلەتتە بولۇشقا تېگىشلىك بارلىق فۇنكسىيەلىك ئورگانلارنى تەسىس قىلغان بولۇپ، خەلقنىڭ نورمال ھاياتىغا تامامەن كاپالەتلىك قىلالايتتى. ئەپسۇس بۇ دۆلەت، بۇ جۇمھۇرىيەت ئىچكى ـ تاشقى رەزىل كۈچلەرنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتتى. بۇ دۆلەت دەل شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىدۇر.

قولىڭىزدىكى بۇ ئەسەر شۇ جۇمھۇرىيەتنىڭ ئورگان ژۇرنىلى بولغان «ئىستىقلال مەجمۇئەسى» دە يېزىلغان بايانلارنى، ئۇ تارىختا نەشر قىلىنغان گېزىتلەرنى ۋە تارىخىي ھۆججەتلەرنى ئاساس قىلىپ ھازىرلاندى. تارىخى چىنلىقتىن چەتنەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن تارىخىي ھۆججەتلەر ئەينەن بېرىلدى.

بۇ ئەسەر، بىزنىڭ ۋە كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزنىڭ، دۆلەت قۇرۇش يولىدا ئىلھام مەنبەسى بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس، دەپ ئويلايمەن. شۇنداقلا «ئىستىقلال مەجمۇئەسى» ژۇرنىلىنىڭ بىزلەرگىچە يېتىپ كېلىشىگە ۋەسىلە بولغان، شۇنداقلا ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان سەئۇدى ئەرەبىستاندا تۇرۇپ شەرقىي تۈركىستان داۋاسىغا پىداكارلىق بىلەن كۈچ قوشۇۋاتقان رەھمەتۇللاھ ئىنايەتۇللاھ تۈركىستانىي ئەپەندىمگە كامالى ئېھتىرامىمنى بىلدۈرىمەن.

# گېزىتلەر

## «شەرقىي تۈركىستان ھاياتى» گېزىتى



شرقی ترکستان حیاتی

«شەرقىي تۈركىستان ھاياتى» گېزىتىنىڭ 1 - سانى[1].

[1] http://www6.ub.lu.se/externt/dokument/pdf/jarring/Kashgar/Kashgar_Newspaper_Vol1.pdf

بۇ گېزىتنىڭ ئۈست قىسمى ئوڭ تەرەپتىكى كۆزنەكتە:

«مۇشتەرى باھاسى، بىر ئايلىق، ئالتە ئايلىق ۋە ئۈچ ئايلىق، ھەر بىر نۇسخىسى (سانى) نىڭ باھاسى 30 پۇل.

گېزىت ئىدارىسى: قەشقەر مائارىپ نازارىتى، نەشرىيات شۆبىسى»

ئوتتۇرىدىكى كۆزنەكتە:

«ھەپتىدە بىر قېتىم چىقىدىغان <شەرقىي تۈركىستان ھاياتى>

تىلدا، پىكىردە، ئىشتا بىرلىك»

سول تەرەپتىكى كۆزنەكتە:

«بابلىرى ۋە قىسىملىرى،

دىنىي، مىللىي، ئىلمىي، ئەدەبىي، ئەخلاقىي ۋە سىياسىي گېزىتتۇر.

پايدىلىق ماقالىلەر قوبۇل قىلىنىدۇ، ئىدارىگە كەلگەن ۋاراقلار كېيىن قايتۇرۇلمايدۇ، ئىمزاسىز ماقالىلەر قوبۇل قىلىنمايدۇ.

مەتبە ۋە نەشر مەركىزى مائارىپ نازارىتى»

ئاستىنقى كۆزنەكتە:

«1352 - يىلى رەبىئۇلئەۋۋەلنىڭ 28 - كۈنى ھىجرى

نەبەۋى (جۇمە). بىرىنچى سان 1933 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى مىلادى»

دېگەندەك مەلۇماتلارغا ئورۇن بېرىلگەن.

«شەرقىي تۈركىستان ھاياتى» گېزىتىنىڭ تۇنجى سانى بىر بەت، قالغان سانلىرى ئىككى بەتلىك نەشر قىلىنغان. ھاجى قۇتلۇق شەۋقى[1]نىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكى ۋە

---

[1] ھاياتىنى غەپلەتتە قالغان مىللەتنى ئويغىتىش، مەرىپەت تارقىتىش ئۈچۈن مىللىي نەشرىياتچىلىق، مەدەنىي ئاقارتىشتەك مەنىۋى كۈرەشلەرگە ئاتىغان قۇتلۇق ھاجى شەۋقى، 1876 ـ يىلى قەشقەر شەھىرىنىڭ قازانچى مەھەللىسىدە ئابدۇرېھىم بەگ ئىسىملىك مەرىپەتپەرۋەر بىر ئەمەلدار ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئوقۇش يېشىغا توشقاندىن كېيىن قەشقەردىكى مەدرىسىلەردە ئوقۇپ، ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئەرەب ـ پارس تىللىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن. 1908 ـ يىلى ئاتىسى بىلەن بىللە سەئۇدى ئەرەبىستانغا ھەج قىلغىلى بېرىپ، قايتىشىدا 1908 ـ يىلىدىن باشلاپ قاھىرەدىكى ئەزھەر دارىلفۇنۇنىدا، ئىستانبۇلدىكى ئالىي بىلىم يۇرتىدا ۋە بۇخارا مەدرىسەلىرىدە ئوقۇپ، ئۇزاق مۇددەت بىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن ئۆز دەۋرىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىكى مۆتىۋەر ئالىملىرىدىن بىرى بولۇپ يېتىشىپ چىققان. شۇ چاغلاردا تۈركىيە، مىسىر ۋە بۇخارادا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئىسلاھاتچىلىق (جەدىتچىلىك) ھەرىكىتىنىڭ مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئۆزگىچە راۋاجلانغان يېڭى مۇھىت ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات مەنزىرىسىنىڭ تۈرتكىسىدە مەلۇم جەھەتلەردە يېڭىچە ئىدىيۋى تونۇشقا كەلگەن. قۇتلۇق ھاجى شەۋقي، 1917 ـ يىللىرى ۋەتەنگە قايتىپ كېلىپ مىللەتنى جاھالەت ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلدۇرۇش ھەققىدە قەشقەردىكى مىللەتپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر بايلار ۋە زىيالىيلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، ھەر جەھەتتىن پۇختا تەييارلىق قىلىپ، بىر يىلدىن كېيىن يەنى 1918 ـ يىلى مىخ مەتبەئەدە «ئاڭ گېزىتى»نى نەشر قىلىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مۇستەقىللىق ئىدىيىسىنى تەشۋىق قىلغان. مىللىي ئويغىنىش، جاھالەتكە قارشى تۇرۇش، ئىلىم ـ مەرىپەت ئۆگىنىش بۇ گېزىت ياڭراتقان جاراڭلىق سادا بولغانلىقتىن بىر مەزگىل چىقىپلا، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن پېچەتلىنىپ، توختىتىپ قويۇلغان. 1933 ـ يىلى قەشقەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال جەمئىيىتى»گە ئاكتىپ ئاۋاز قوشقان قۇتلۇق ھاجى شەۋقي، ئاخباراتچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ، 1933 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن «شەرقىي تۈركىستان ھاياتى» گېزىتىنى، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيەتى» ئېلان قىلىنغاندىن

مۇدىرلىقى ئاستىدا چىقىرىلغان بۇ گېزىتنىڭ بىرىنچى سانى پۈتۈنلەي گېزىتنىڭ مەقسەت ۋە غايىسىگە بېغىشلانغان بولۇپ، باش ماقالىسىگە «مىللىي گېزىتلەرنىڭ مەقسىتى» دەپ ماۋزۇ قويۇلغان. ماقالىنىڭ تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

«ھەمدىلەر بولسۇن (ئاللاھقا). بۇ كۈنلەردە مەزلۇم مەملىكەت شەرقىي تۈركىستان ئاسارەتلىك زۇلۇمدىن قۇتۇلۇپ، قەۋمىي (مىللىي) ھاكىمىيەت يەرلەشتى. دۇنيادا ئەجنەبىي (يات) مىللەتنىڭ قولى ئاستىدا ئەسىر ۋە مەھكۇم بولۇپ ياشاشتىنمۇ يامان ۋە مەلئۇن بىر نەرسە يوقتۇر. بۇنىڭ بىلەن بىرگە مىللىي ھاكىمىيەت، مۇستەقىل ۋەتەن ۋە ئىززەتتىنمۇ كاتتا بىر نېمەت تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

---

كېيىن 1933 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن تارتىپ «ئەركىن تۈركىستان» گېزىتىنى ۋە 1934 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنىدىن باشلاپ، 1937 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنىگىچە «يېڭى ھايات» گېزىتىنى ئىرچىل ھالدا ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە داۋام قىلغۇزۇپ، ئۇرۇن ۋە مۇشەققەتلىك مىللىي ئاقارتىش كۈرىشىنى ئېلىپ بارغان. قۇتلۇق ھاجى شەۋقى 1937 ـ يىلى جاللات شېڭ شىسەي خىتاي تەرىپىدىن 61 يېشىدا شېھىت قىلىنغان.

قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ نۇرغۇن ئىلمىي ئىجادىيەتلىرى بار بولۇپ، بۇلارنىڭ ئارىسىدا «ۋەقائىئ قەشقەر» ناملىق ئەسىرى ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. شەۋقى يەنە قەشقەردىكى مەرىپەتپەرۋەر بايلارنىڭ ياردىمىدە موللا نازىم، نورۇز يۈسۈپى قاتارلىق شائىرلار بىلەن بىرلىشىپ، مىللىي ئويغىنىش، ئىلىم- مەرىپەت ئۆگىنىش مەزمۇن قىلىنغان جەڭگىۋار شېئىرلىرىنى توپلام قىلىپ، «ئويغان ۋە ئىنقىلاب ئەشئارلىرى»، «ئاسارەت ۋە زالالەتكە ئوت ياق» دېگەن ناملار بىلەن 1920- ۋە 1924- يىللىرى مىخ مەتبەدە باستۇرۇپ تارقاتقان. قۇتلۇق ھاجى شەۋقىنىڭ ئوغلى ئېمىر ھۈسەيىن قازى (1900 ـ 1985)، كىلاسسىك ۋە زامانىۋى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ساھەسىدىكى مەشھۇر شەخسلەردىن بىرىدۇر.

http://www.uighurislam.net/thread_235_1_1.html

شەرقىي تۈركىستاندىكى مىليونلارچە مەزلۇم خەلق، ئۆزلىرىدىن بېرى مۇستەبىت خىتايلارنىڭ ۋەھشىيلەرچە ئىدارە قىلىشىغا گىرىپتار بولغانلىقتىن، ۋەتىنى ۋە ئۆز خەلقىنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىگە خىزمەت قىلىشتىن چەكلەنگەن ئىدىلەر. يۇرتىنىڭ پايدىسى ۋە ئىستىقبالى (كەلگۈسى) دىن سۆز قىلىش، مىللىي مەنپەئەتلەردىن گەپ قىلىش كاتتا (ئېغىر) جىنايەت ھېسابلىناتتى. ھازىر مىللەتنىڭ چۈلۈۋۈرى ۋە تىزگىنى ئۆز جىنسىدىن بولغان شەپقەتلىك ئاتىلىرى ۋە مېھرىبان قېرىنداشلىرىنىڭ قولىدىدۇر. ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئالىي مەرتىۋىلىك كىشىلەر، ۋەتىنى شەرقىي تۈركىستاننى ۋەھشىي زالىملارنىڭ ئىپلاس تىرناقلىرى ئىچىدىن جېنىنى ئالقىنىغا ئالغان ھالدا غازات قىلىپ قۇتقۇزغانغا ئوخشاش، مىللەتنىڭ ئىستىقبالىنى ئويلاپ، قۇتۇلۇشىمىز ۋە ھاكىمىيىتىمىزنىڭ ئەبەدىي يەرلىشىپ ۋەتەنىمىزنىڭ سائادىتىنى كۈچلۈك ئاساسلار ئۈستىگە بىنا قىلىشنى مەقسەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، دەرھال قەشقەردە مىللىي مائارىپ تەسىس قىلىشقا قارار بەردىلەر. ھەرقانداق مىللىي ھاياتقا ئىگە مەملىكەتلەردە بار بولغان مائارىپ نازارىتى تەشكىل قىلىپ، دارىلمۇئەللىمىن، مىللىي مەكتەپ، مىللىي گېزىتلەر ۋە رىسالىلەر (كىتاب - ژۇرنال، خەت - چەك) ئارقىلىق مىللىي ھاكىمىيەتكە، مەملىكەتكە پارلاق نۇر چېچىش ئۈچۈن ئىجتىھات (تىرىشچانلىق كۆرسىتىش) قا كىرىشتىلەر. ئۇنىڭ ئۈچۈن ۋەھشىيلىك

ۋە خۇراپاتلىقنىڭ مەركىزى بولغان، ئۇزۇن زاماندىن بېرى خىتاي مۇستەبىتپەرەستلەر تەرىپىدىن «پىتخانا» بولۇپ كەلگەن نوبېشى مەھەللىسىدىكى جاينى يۇرت ۋە مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى نەزەردە تۇتۇپ دارىلمۇئەللىمىن ۋە مىللىي مەكتەپ ئۈچۈن تەيىن ۋە تەخسىس قىلدى ۋە مائارىپ نازارىتىگە مەركەز قىلىپ ئىشلىتىش ئۈچۈن مىللىي مۇلۇكتىن مۇناسىپ بىنا ۋە ئورۇنلار ئېھسان قىلدى (ئاجرىتىپ بەردى). مىللىي ۋە سىياسىي گېزىتنىڭ نەشر قىلىنىشى ئۈچۈن ئالىي پەرمان (يولىيورۇق) كەلدى. شۇنىڭ بىلەن، قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ مائارىپ نازارىتى شەرقىي تۈركىستان گېزىتىنىڭ نەشر قىلىنىشىغا تەشەببۇس قىلدى، بۈگۈندىن ئېتىبارەن مىللىي نەشرىياتىمىز دەۋا قىلىدۇ، ئىنشائاللاھ.

گېزىت ۋە رىسالىلەر مىللەتنىڭ رەھبەر ۋە تەرجىمانى بولۇپ، خەلقنىڭ سائادىتى ۋە مىللەتنىڭ ئىززەت - ئابرۇيىنىڭ ئۇلۇغ ئەركانلىرى (ئۇلى) ھېسابلىنىدۇ. بىر مىللەت ئۆزىنىڭ مىللىي گېزىت ۋە خەۋەرلىرىگە ئىگە بولمىسا، دۇنيادا نامى - نىشانى بولماي چاڭ - توزان ئىچىدە ئۇنتۇلۇش دەھشىتى ئاستىدا خاراب بولىدۇ. باشقىلار تەرىپىدىن تونۇلمىغىنىدەك، ئۆزىمۇ دۇنيادىكى ئىشلار ۋە ھادىسىلەردىن خەۋەرسىز قېلىپ، ئىبرەت ئېلىش ۋە بەسىرەت (ھېس قىلىش) نېسىۋىسىدىن مەھرۇم قالىدۇ. مىللىي گېزىتلەر ۋەتەن پەرزەنتلىرىگە قولىدىن كېلىشىچە دىيانەت، سىياسەت، سانائەت، زىرائەت ۋە مىللىي جەھەتتە

شەرەپلىك بولۇشنى تەشەببۇس قىلىپ، دۇنيادا بولۇپ ئۆتكەنلەردىن خەۋەر بېرىپ، مىللەتنىڭ كۆزىنى ئاچىدۇ. ئومۇمىي مەنپەئەت ئۈچۈن ھايات ۋە تەۋەججۇھ (يۆنىلىش) بەخش قىلىپ ھەممىيەت (ۋەتەنپەرۋەرلىك) ۋە جاسارەتكە مايىللىق روھىنى ئۇرغۇتىدۇ.

مەسىلەن: سىياسىي ئىشلاردا يۇرت ۋە مىللەتنىڭ پايدىسى قايسى رەۋىشتە، قانداق تەدبىر ۋە ھېكمەت بىلەن بولىدىغانلىقى، مىللەتنىڭ ئاسايىشى ۋە ئومۇمىي تىنچلىقىنىڭ قانداق قولغا كېلىدىغانلىقى، باشقىلار قانداق ئەھۋالدا بىز قانداق ۋەزىيەتتە تۇرۇۋاتىمىز، ۋەزىيىتىمىزگە قاراپ قانداق ھەرىكەت قىلىمىز، قايسى يولدا مەملىكىتىمىزگە پايدا كېلىدۇ ۋە نېمە ئىشتا زىيان كېلىدۇ، قانداق ئىدارە (باشقۇرۇش) سىستېمىسى بىلەن بىز تىنچ - ئارام ۋە خاتىرجەم ياشايمىز ۋە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش مۇھىم ئىشلار توغرىسىدا گېزىتىمىز تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە يەنە مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تىرىكچىلىكىدە سانائەت، تىجارەت ۋە زىرائەت قاتارلىق ئىشلاردا قايسى تەدبىرلەر بىلەن ئومۇمىي خەلقىمىزنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالى ياخشىلىنىدۇ، قانداق قىلغاندا يۇرتىمىز كەمبەغەللىك ۋە خارلىق بالاسىدىن قۇتۇلۇپ بارلىق ھاياتى بەختلىك بولىدۇ، قانداق قىلغاندا مالىيە جەھەتتىن ھۆكۈمىتىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ ئېھتىياجلىرى قامدىلىنىدۇ... قاتارلىقلار.

ئومۇمىي ئەخلاق نېمە بىلەن ئاياقتا تۇرالايدۇ (مەۋجۇت بولۇپ تۇرالايدۇ)، قايسى تەدبىر ۋە جازالار بىلەن ئەخلاقسىزلىقتىن ساقلانغىلى بولىدۇ، دىن ۋە ساماۋى بولغان مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئېلىپ كەلگەن شەرىئەت ئەخلاقنى ساپلاشتۇرۇش ئۈچۈن قانداق تەلىم ۋە يول كۆرسەتكەن دېگەنگە ئوخشاش مەزمۇنلارمۇ گېزىتىمىزدە يەر ئالىدۇ.

ئىنسانىيەت دۇنياسىدا بولۇۋاتقان ۋەقەلەر ۋە كاتتا (چوڭ) ھادىسىلەر ۋە يەنە ئەلۋەتتە ئۆز ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتىدىن خەۋەر بېرىش ئارقىلىق، مىللەتنى ياخشىلىقنى كۆپەيتىش ۋە يامانلىقنى يوقۇتۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشكىمۇ ئۈندەيدۇ.

خۇلاسە كالام، گېزىت دېگەن مۇبارەك سەھىپە ئىنسانىيەت دۇنياسى ۋە مۇسۇلمان دۇنياسى ئۈچۈن پايدىلىق ۋە مەنپەئەتلىك ئىشلارغا تۈرتكە بولغۇچى ئىنساننىڭ بەخت - سائادىتى ۋە ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە خىزمەت قىلىش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان مۇھىم بىر ئىشتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، دۇنيادا ئۆز ھاياتىغا ئىگە بارلىق مەملىكەتلەردە مىڭلىغان ئىسىملار بىلەن كۈنلۈك، ھەپتىلىك ۋە ئايلىق گېزىت - ژۇرناللار نەشر قىلىنىپ تۇرماقتا. ئىسلام مەملىكەتلىرىدىن ھەرەمەيىن شەرىفەيىن (ئاللاھ ھەر ئىككىسىنىڭ شەرىپىنى زىيادە قىلسۇن) دىن مەككەئى مۇكەررەمەدە «ئۇممۇلقۇرا» ۋە «سەۋتۇلھىجاز» (ھىجاز ئاۋازى) نامىدا گېزىت

نەشر قىلىنماقتا، مىسىر قاھىرەدە «ئەللىۋا» (تۇغ)، «ئەلمەنارۇلئىسلامى» (ئىسلام مەشئىلى) ۋە «ئەلمۇئەييىد» (قوللاش) قاتارلىق يۈزلەرچە ناملاردا ۋە مىسىرنىڭ چوڭ - كىچىك شەھەر ۋە يېزىلىرىدا نۇرغۇنلىغان ئەرەبچە گېزىت نەشر قىلىنماقتا. تۈركىيە، ئىران، ئافغانىستان، ئىراق، سۇرىيە، تۇنىس، ئالجىرىيە ۋە ھىندىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە مىڭلارچە گېزىت نەشر قىلىنماقتا.

ئەلۋەتتە بۇلارنىڭ مەملىكەتلىرى ئۈچۈن سان - ساناقسىز پايدىسى بار بولۇپ، بۇلارنى بۇ يەردە بايان قىلىشقا ئېھتىياج يوق... جىنڭ جاڭ جۇڭ زالىمنىڭ زامانىدا ئۈرۈمچىدىن «تىيانسان رىبو»[1] دېگەن نامدا خىتايچە بىر گېزىت نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇ، خىتايچە بولغاندىن سىرت بىر ئۈچۈن بىرەرمۇ مەنپەئەتلىك سۆز ئەنقا (تېپىلمايدىغان بىر قۇش) بولۇپ، پۈتۈنلەي خىتاينىڭ مەنپەئەتىنى چۆرىدىگەن ھالدا سۆز قىلاتتى. مۇسۇلمانلارنىڭ زىيىنى ئۈچۈن يالغان خەۋەرلەر ۋە بىھۇدە كەلسە - كەلمەس سۆزلەر بىلەن تولۇپ تاشاتتى. ئىنشائاللاھ ئەمدى بىز مۇشۇ مىللىي گېزىتىمىزدە يۇرتىمىز ۋە ۋەتىنىمىزنىڭ پايدىسى ۋە بەخت - سائادىتى ئۈچۈن سۆز ۋە ماقالىلەرنىڭ يېزىلىشىغا قولىمىزدىن كېلىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىمىز. ئۇلۇغ ۋەتىنىمىز بۇنىڭدىن نۇرغۇن پايدا ئالىدۇ دەپ ئۈمىد

[1] ئەينى ۋاقىتتا ئۈرۈمچىدە نەشر قىلىنغان خىتايچە گېزىتنىڭ ئۇيغۇرچىلاشتۇرۇپ تەلەپپۇز قىلىنىشى.

قىلىمىز.»

«شەرقىي تۈركىستان ھاياتى» گېزىتى جەمئىي 12 سان نەشر قىلىنغان بولۇپ، 13 ـ ساندىن تارتىپ ئىسمى ئۆزگەرتىلگەن. گېزىتنىڭ بىرىنچى ۋە ئىككىنچى ساندا «باسقۇچى ۋە نەشر قىلغۇچى مەركەز: مائارىپ نازارىتى» دەپ؛ ئۈچىنچى ساندىن سەككىزىنچى سانىغىچە «قەشقەر ھۆكۈمەتى ئىسلامىيەنىڭ نەشرى ئەفكارى» دەپ؛ كېيىنكى سانلىرىدا بولسا، «نەشر قىلغۇچى: قەشقەر مائارىپى دىنىيە نازارىتى» دەپ يېزىلغان.

# «ئەركىن تۈركىستان» گېزىتى


ارکین توركستان

سان ۱۲

«ئەركىن تۈركىستان» گېزىتىنىڭ 1 - سانى[1].

[1] http://www6.ub.lu.se/externt/dokument/pdf/jarring/Kashgar/Kashgar_Newspaper_Vol1.pdf

«شەرقىي تۈركىستان ھاياتى» گېزىتى شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن، يەنى 1933 - يىلى 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىن تارتىپ «ئەركىن تۈركىستان» دېگەن نامدا 13 - ساندىن باشلانغان بولۇپ، 1934 - يىلى 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە 21 - سان چىققان. 1934 - يىلى 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 1934 - يىلى 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنىگىچە «ئەركىن تۈركىستان» گېزىتىنىڭ نەشر قىلىنىپ - قىلىنمىغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتقا ئىگە بولالمىدىم (مۇئەللىپ). «ئەركىن تۈركىستان» گېزىتىمۇ ئىككى سەھىپىدىن نەشر قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىك ۋەزىپىسىنىمۇ قۇتلۇق شەۋقى ئۇستىگە ئالغان.

# «يېڭى ھايات» گېزىتى


يېنكى حيات

«يېڭى ھايات» گېزىتىنىڭ 1 - سانى[1].

[1] http://www6.ub.lu.se/externt/dokument/pdf/jarring/Kashgar/Kashgar_Newspaper_Vol2.pdf

«يېڭى ھايات» گېزىتى، 1934 - يىلى 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 1937 - يىلى 5 - ئاينىڭ 27 - كۈنىگىچە جەمئىي 263 سان چىققان بولۇپ، دەسلەپتە «قەشقەر مائارىپ جەمئىيىتى»، كېيىن «ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. دەسلەپكى چاغلىرىدا ھەپتىدە بىر سان، كېيىنچە ھەپتىدە ئىككى سان نەشر قىلىنغان بۇ گېزىتنىڭ تۈنجى سانى ئىككى بەتلىك، كېيىنكى سانلىرى 4 بەتلىك بولۇپ، باشتىن ئاخىر قۇتلۇق شەۋقىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىكىدە يورۇق كۆرگەن.

گېزىتلەردىكى «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» گە

ئائىت مەزمۇنلار

# بۇگۈنلەردىكى سىياسىي ئەھۋالىمىز

«جانابى ھەقنىڭ ئىنايىتى بىلەن، مۇبارەك ئىسلام باھادىرلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى شانلىق پەتىھ ۋە زەپەرلىرى سايىسىدا، زالىم جىنىڭ جاڭجۇڭ قېچىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۈرۈمچىدە لۇ تىڭجاڭ دېگەن بىر خىتاي ئاز ساندىكى خىتاي بىلەن قېپقېلىپ، ئۇلۇغ غازىمىز خوجىنىياز ھاجىمغا ئەلچىجا بىلەن ئادەم يوللاپ، سۈلھى تەلەپ قىلغان ئىدى. جانابى غازى شەھىر (شۆھرەتلىك)، ئالىي ماقام لۇ تىڭجاڭنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن سۆزلىشىپ، ھازىرچە ئۈچ تۈرلۈك شەرت بىلەن ئوتتۇرىدا سۈلھى ۋە مۇئاھىدە (كېلىشىم) ئىمزالىدى:

شەرقىي تۈركىستان مەملىكىتى قۇمۇلدىن تارتىپ قەشقەرگىچە ئازاد، ئىسلام مۇختارىيىتىگە ئىگە بىر ئۆلكە بولۇپ، ئۈرۈمچى مەركىزىنى تونۇماي ئۆز ئىشلىرىنى ئۆز مۇسۇلمان خەلقى ئىدارە قىلىش، ئوتتۇرىدا ھۇدۇد (چېگرا) ئۈچۈن تەگرى تېغىنى پاسىل دەپ بىلىش، خىتايلار شۇ يەردىن چىقماي ئۆز ئىچىدە تۇرۇش.

ئۈرۈمچىنىڭ ھازىرقى بېكىتىلگەن ھۇدۇدى ئىچىدە قالغان مۇسۇلمانلارغا خىتايلار تەرىپىدىن زۇلۇم ۋە قىيىن -

قىستاق قىلىنماي، ئۆز ھوقۇقلىرى بىلەن ئازادە ياشىشىغا كەڭچىلىك قىلىش.

غازىلارغا ئۇرۇمچى تەرىپىدىن 5000 (بەش مىڭ) مىلتىق، بىر يېرىم مىليون ئوق، ئىككى يېرىم مىليون سەر پۇل تەزمىنات (تۆلەم) بېرىش.

مانا مۇشۇنداق شەرتلەر بىلەن ئۇرۇمچىدىكى لۇ تىڭجاڭ مۆھتەرەم غازى خوجىنىياز ھاجىمدىن سۇلھى ۋە ئامانلىق ھاسىل قىلدى. بۇ سۇلھى بىلەن، ئۆز قولى بىلەن تاپشۇرغان 5000 (بەش مىڭ) مىلتىق ۋە ئوقتىن باشقا، كېيىنكى گۇچۇڭ ئۇرۇشىدا مۇجاھىدلارنىڭ قولىغا كۆپ ياراق ۋە ئەسۋابلار چۈشكەن ئىدى. لۇ تىڭجاڭ باشلىق ختايلار بۇ سۇلھىگە قانچىلىك ۋاپادار ۋە دۇرۇس ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، بۇنىمۇ تەجربە قىلىپ كۆرىمىز، زىيىنى يوق.

قۇمۇلدىن تارتىپ قەشقەرگىچە قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ تۇرغان ئەھلى ئىسلام، تېخىچە قىلىچلىرىنى غىلىپىغا سوققىنى يوق. ئەمدى يەنە «ئىختىيارىي قۇللۇق» ھاقارىتىنى ۋىجدانلىرى ھېچ (قەتئىي) قوبۇل قىلمايدۇ. ناھەقچىلىك، غەدر (ۋاپاسىز) ۋە خىيانەتكە تەھەممۇل قىلالمايدۇ (بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ). ئۆز ھوقۇقىنى ھەرقانداق زۇلۇم ۋە جاپاغا قارشى مۇداپىئە قىلىشقا ھەر زامان تەيياردۇرلەر.

مۆھتەرەم غازى خوجىنىياز ھاجىم ھەزرەتلىرى بۇ مۇئاھىدەدىن كېيىن قاراشەھەرگە (قەدەم) تەشرىپ قىلىپ، مىللەتنى ئىسلامنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ، ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن جىددۇ جەھد قىلماقتا (قاتتىق تىرىشماقتا). پۈتۈن ئالتەشەھەردىكى دىن قېرىنداشلىرىنىڭ ئۈستىگە شەپقەت قاناتلىرىنى يېيىپ، ۋەتەن ۋە مىللەتنى مۇھاپىزەت ۋە ئىسلاھ قىلىش ئۈچۈن تەدبىرلەر ئېلىپ بارماقتىدۇر. بىز ئالتەشەھەر خەلقى بۇ مۇبارەك ئاتىمىزغا تا قىيامەتكىچە مىننەتدار بولۇپ، ئاياغلىرىنىڭ تۇپراقلىرىنى كۆزلىرىمىزگە سۈرمە قىلىپ سۈرۈش ئۈچۈن، چوڭ - كىچىك، يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ئالىي ھۇزۇرىغا يېتىپ بېرىپ، شۇ مۇقەددەس چېھرىنى كۆرمەككە مۇشتاق - ئارزۇمەندۇرمىز. ھەر ئەمىر ۋە پەرمانلىرىغا كامىل ئىتائەت قىلىپ، دىن ۋە ۋەتەن ئۈچۈن دەردى ئىشق (بارلىق ئىشتىياق) بىلەن پىدائىي بولۇشىمىز تەلەپ قىلىنىدۇ.

ئىككى يېرىم يىل ئىلگىرى مۇقەددەس قومۇل تاغلىرىدا شەرقىي تۈركىستاننى ئۆزىنىڭ ئەبەدىي خالىس مۈلكى دەپ بىلىپ، بىزلەرنى خاراب ۋە ۋەيران قىلماقچى بولغان مەغرۇر زالىم ۋە مۇستەبىت خىتاي جىنىڭ جاڭجۇڭنىڭ قۇۋۋىتىگە قارشى ھەققانىيەت تەلىپىدە بىرئازغىنە پىدائىي غازىلار بىلەن كۈرەش قىلىپ، كۆپ زەخمەت ۋە مېھنەتلەر سەرپ قىلىپ ئاخىرى بىز - شەرقىي تۈركىستاننىڭ مەزلۇم مۇسۇلمانلىرىنى ۋەھشىي زالىملارنىڭ ئاسارەتلىك ۋە قۇللۇق

زەنجىرىدىن خالاس بولۇشىمىز (قۇتۇلۇشىمىز) غا بىرىنچى سەۋەب بولغان بۇ مۇقەددەس تارىخىي كىشى، ھەر قانداق ھۆرمەت ۋە ئىنتائەتكە مۇستەھەق (لايىق). شۇنچە ۋاقىتلاردىن بېرى مۇھارىبەلەر (جەڭلەر) ۋە بەك ئېغىر كۈنلەر (نى) كۆرۈپ، يەنە بىرئاز ئارام ئالماستىن ملەتى ئىسلامنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ئۈچۈن قاراشەھەرگە كېلىپ، ۋەتەن ۋە مەملىكەت قايغۇسى بىلەن ھەرىكەت قىلىپ تۇرغاندا، بىزلەرنىڭ بىخەۋەر ۋە بىكار تۇرۇۋېرىشىمىز قانچىلىك بىغەيرەتلىك (بىپەرۋالىق) ۋە ئاجايىپ ھەمىيەتسىزلىكتۇر (ئېغىر ۋەتەن سۆيمەسلىكتۇر).

بىز ئەمدى ھازىردىن باشلاپ تەخىرسىز مەشۋەرەت (مەسلىھەت) بىلەن ئىلدام (تېز) ھەرىكەت قىلىپ، ئۇ زاتى ئالى بۈيۈك رەھبىرىمىزنىڭ خىزمەت ۋە ئىئانەتلىرى (ياردەملىشىش) گە يېتىشىپ بېرىشىمىز پەرز. سۇسلۇق ۋە بىپەرۋالىققا كېرەك يوق. ئەگەر مۇشۇ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ، پۇرسەتنى پەۋت قىلساق (يوقۇتۇپ قويساق)، مائازەللاھ (ئاللاھ ساقلىسۇن) مەملىكەتنىڭ بېشىغا كۆپ پالاكەتلەر كېلىشى مۇمكىن. كېيىنكى پۇشايمان سۇد (پايدا) قىلماس.

ئەزىز قېرىنداشلار! ئاللاھ ۋە رەسۇلى، دىن ۋە مىللەت بىزدىن ھەمىيەت ۋە غەيرەت ئىستەيدۇ. سۆز لازىم ئەمەس، ئىش لازىم.

بۇرادەرلەر! مۇسۇلمانلارنى غاسىب (بۇلاڭچى) ۋە غەددار

(خائىن) لاردىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن جانلىرىنى پىدا قىلىپ، بەزمەستىن ئۆز ئايال بالا - چاقىلىرىدىن پىرقەت (ئايرىلىش) ۋە جۇدالىقنى تاللاپ، ھەمىشە بىزنىڭ غەم ۋە قايغۇمىز ئۈچۈن ئىجتىھات قىلىۋاتقان (تىرىشىۋاتقان) بۇ مىللەت پىدائىيسىنىڭ ياردىمىگە ۋىجدان ئىگىسى بولغان ھەر بىر مۇسۇلمان تېز يېتىشىشى كېرەك.»

*مىلادى 1933 - يىلى 7 - ئاينىڭ 28 - كۈندىكى «شەرقىي تۈركىستان ھاياتى» گېزىتىنىڭ 2 - سانىغا بېسىلغان ماقالە.*

# يېڭى قازىلار

جانابى غازى سىلىك تەرىپىدىن مۆھتەرەم سىلىم ئاخۇن ھاجىم خەلپىتىم مۇپتى، ھۆرمەتلىك ئابدۇغۇپۇر ھاجىم قازى، رەئىس موللا سابىت داموللام قازىلىققا تەيىنلەنگەن. بۇ زاتى كىراملار قازى ئەپەندىملەردىن كۆز بىلەن كۈتىمىزكى، شەرئىەتى غەررا نەبەۋى (ئىسلام شەرئىتى) ھۆكۈملىرىنى ھەققانىيەت ۋە ئادالەت بىلەن ئىجرا قىلىسۇنلار. ئومۇمى خەلقنى ئىستىسناسىز (ئومۇمىيۈزلۈك) باراۋەر كۆرۈپ، توغرۇلۇق ۋە ھەقلىق مەسلىكى (يولى) دا شەرئىي ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلسۇنلەر.

*مىلادى 1933 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈندىكى «شەرقىي تۈركىستان ھاياتى» گېزىتىنىڭ 2 ـ سانىغا بېسىلغان خەۋەر.*

## ئىدارە، ئىنتىزام ۋە مائارىپ

«ھازىر قومۇلدىن باشلاپ قەشقەرگىچە شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئەكسەرىيىتى (كۆپ قىسمى) نى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەملىكەت، ۋەتىنىنىڭ ھەقىقىي ئىگىسى بولغان مىللەت بالىلىرىنىڭ قەبز (كونترول) ۋە تەسەررۇپى (باشقۇرۇش) غا ئۆتتى. ئالتاي ۋىلايىتىنى بىزلەرنىڭ قېرىنداشلىرىمىز بولغان قازاق مۇسۇلمانلىرى زەبت قىلىپ (قولغا كىرگۈزۈپ) ئۆز ئىشلىرىنى سەرەنجام قىلماقتا (باشقۇرماقتا). تەگرى تېغىنىڭ يەنە بىر تەرىپىدە غازى ئەزەم خوجىنىياز ھاجىمدىن سۈلھى سوراپ، ئىدارىلىرى ئاستىدا قالغان مۇسۇلمانلار بىلەن ھوقۇق ۋە ئادالەت دائىرىسىدە باراۋەر ياشاشقا ۋەدە بېرىپ ئامانلىق ھاسىل قىلىپ تۇرغان، لۇ تەنجاڭ بىلەن ئىلى ۋىلايىتىدىكى جاڭ سىجاڭ بىرگە يات مۇختارىيەت ئىدارە (ئاپتونومىيە تۈزۈمى) بىلەن تۇرماقتا.

بىز ھازىر ئۇ قەدەر كۆپ پىداكارلىق ۋە قانلىق مۇقەددەس جىھادلىرىمىز بىلەن قولىمىزغا قايتۇرۇپ ئالغان ئەزىز ۋەتىنىمىزنىڭ ۋەھشىي دۈشمەنلەر تەرىپىدىن ۋەيران قىلىنغان يەرلىرىنى تەمىر (رېمونت) قىلىپ، مەزلۇم

مىللىتىمىزنىڭ كۆز ياشلىرىنى شەپقەتلىك قوللىرىمىز بىلەن ئېيتىپ تۇرماق زامانى كەلدى. ئۇرۇش ھالىتىدىكى ھەر بىر شەھەر ۋە ۋىلايەتلىرىمىز بىر - بىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەرسىز، ئۆزىنىڭ ئەھۋال ۋە شارائىتى ئىچىدە ھەرىكەت قىلىشقا مەجبۇر بولغان ئەھۋالغا خاتىمە بېرىلدى. ئەمدى بىر مەركەزگە توپلىنىپ، بىر - بىرىمىز بىلەن ھاللاشماق، دەرتلەشمەك، دۈشمەنلەردىن كۆرگەن زۇلۇم ۋە ھەسرەت داستانلىرىنى تۆكۈپ، ئاسارەت كىچىلىرى مەھبۇسلۇقنىڭ غۇل (ئىشكەل) زەنجىرلىرى قەيدىدە (باغلىقىدا) كۆرگەن جاپا ۋە ئەلەملىرىمىزنى بايان قىلىشىپ، قېرىنداشلار بىر - بىرىمىزنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ، ۋەھشىي دارەندىلەر (خىتاي ئەمەلدارلار) نىڭ چىركىن تىرناقلىرى ئارىسىدىن خالاس تاپقانلىقىمىز ئۈچۈن بىر - بىرىمىزنى تەبرىكلەپ، يەنە ئىككىنچى بىر قېتىم بۇنداق ئەسىرلىك ۋە قۇللۇق تۇزىقىغا چۈشمەسلىكىمىز ئۈچۈن، مۇمكىن بولغان چارىلەرنى كۆرۈشىمىزنىڭ ۋاقتى كەلدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئەۋۋەل بىزنىڭ بېشىمىزنى بىر يەرگە ئەكېلىپ، ئىدارە ۋە قانۇنىمىزنى ئىنتىزامغا سېلىپ، مۇنتىزىم ھۆكۈمەت تەشكىلاتىنى، مۈلكى، ئەسكىرى ۋە ئالىي مەھكىمىلەرنى تەرتىپلەپ بېرىشىمىزنىڭ زۆرۈرلۈكى ئىنتايىن مۇھىم.

دۇنيادا ھېچقانداق بىر مەملىكەتنىڭ سىياسىتى نىزامسىز، مۈلكى ۋە ئەسكىرى تەرتىپسىز بىر ھالەتتە تۇرالمايدىغانلىقى ھەممە كىشىگە مەلۇمدۇر. «بىر مەملىكەتنى زەبت قىلىشتىن

زىيادە، ئىدارىسى مۇشكۇل (بىر مەملىكەتنى باشقۇرۇش قولغا كىرگۈزۈشتىنمۇ قىيىن)» دېگەن سۆز بار. بۇ سۆز، پۈتۈن دۇنيادىكى سىياسىيون ۋە ھۆكۈمەت ئىجتىمائىييۇنلار (جەمئىيەتشۇناسلار) تەرىپىدىن تەجرىبە ۋە سىناقلاردىن كېيىن سۆزلەنگەن بىر ھەقىقەتتۇر.

بىز ئەمدى ئۆز ئىشىمىزنى ئۆزىمىز بېجىرگۈچى بىر ئائىلە شەكلىگە كىردۇق. ئۆز يېرىمىزگە ئۆزىمىز ئىگە بولدۇق. بۇنى بەك ياخشى تۇتۇپ، مۇھاپىزەت قىلىپ، مۇمكىن قەدەر ۋەتىنىمىزنىڭ سالاھ (ئىسلاھاتى) ۋە سائادىتىگە باقمىقىمىز بەكلا ئۇلۇغ ۋەزىپە بولدى. گەدىنىمىزگە مۇھىم بىر قەرز يۈكلەندى. بۇنى ئادا قىلىش ئۈچۈن پۈتۈن پىكىر، ھەرىكىتىمىزنى، مۇمكىن بولسا، پۈتۈن قۇۋۋەت ۋە مەۋجۇتلۇقىمىزنى سەرپ قىلىشىمىز كېرەك. مەملىكەتنىڭ ھەممە تەرىپىدىن ئالى پىكىر، خەيرخاھ ۋەتەن ئەۋلادلىرىنى توپلاپ، جىددىي كېڭىشىش بىلەن ئىدارىلىرىمىزنى ئىسلاھ قىلىپ ۋە تەرتىپىگە سېلىپ، مۇنتىزىم ھۆكۈمەت تەشكىلاتىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشىمىز لازىم ۋە بۇ ئىش مۇئەككەد (تولىمۇ) زۆرۈر بولدى. سوڭرا (ئاندىن) مالىيە مىزانىمىزنى ئىسلاھ قىلىپ، ئىقتىسادىي تۆۋەنچىلىكىمىز (ئاجىزلىقىمىز) نى يوق قىلىپ، مىللەت ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىھتىياجات (ئېھتىياجلىرى) نى دەپئى ئەتمەك (تۈگىتىش)، زالىملار تەرىپىدىن ئېزىلگەن خەلقىمىزنىڭ تىرىكچىلىك قىلىشى، كۈن كۆرىشى ئۈچۈن ئىلاج (چارە) ۋە تەدبىرىنى قىلىش مۇھىم

ۋەزىپىمىزدۇر.

بۇنىڭ بىلەن بىرگە، مەملىكەتتە مۇستەبىت، ۋەھشىي زالىملارنىڭ مەتلەب (ئارزۇ) ۋە مەقسىتىگە خادىم بولغان جاھالەت ۋە نادانلىقنى تۈگىتىپ، خەلقىمىزنى ئىلىم، ئېرپان، سانائەت ۋە سىياسەت قائىدىلىرىدىن بەھرىمەن قىلىش ئۈچۈن، ھەر تەرەپتە مىللىي ۋە پەننىي مەكتەپلەر، كاتتا شەھەرلەر ۋە ۋىلايەتلەردە دارىلمۇئەللىمىن، كىتابخانىلار (ئېچىش)، مىللىي، سىياسىي، ئىلمىي، گېزىت، ژۇرناللار چىقىرىشىمىز لازىم. ئەۋزەلدە شەخسىيەتچى ۋە ئۆز نەپسىنى ئومۇمىي مىللەتنىڭ مەنپەئەتىدىن ئىلگىرى (ئۈستۈن) تۇتقان ئالچاق (پەسكەش) خائىنلاردۇر. يەتتە دۇنيا ۋە كۆنگە ئوخشاش پايدا ۋە مېۋىسى ئاشكارا تۇرغان ئىلىم - پەن، سەنئەت ۋە پەزىلەتلىرى بىلەن مەملىكەتنى يارىتىش (تەرەققىي قىلدۇرۇش)، خەلقىنىڭ ئومۇمىي بەخت - سائادىتىنى كۆزدە تۇتۇپ، مىللەتنى غەپلەت ئۇيقۇسىدىن ئويغىتىش ئۈچۈن نۇرغۇن چەكلىمە ۋە مانىئ (توسالغۇ) بار ئىدى. چۈنكى بۇ زالىملار ئومۇمىي خەلقنىڭ ئوقۇپ، بىلىپ، غەپلەت ۋە خارلىقتىن باشلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشلىرىنى ئۆز شەخسىي مەنپەئەت ۋە زاتى ئىززەت ئابرۇيلىرىغا خىلاپ كۆرەتتى. ئوقۇغان، بىلگەن بىر مىللەت ناھەقچىلىك، زۇلۇم ۋە ئالدامچىلىققا قاراپ تۇرماي، ھەق - ھوقۇقلىرىنى ۋە ئادالەتنى داۋا قىلىشنى بىلەتتى. ئۇنىڭ ئۈچۈن، جاھاندا مەن تۇراي، باشقا ھەممىسى يوقالسۇن،

ۋەيران بولسۇن دەپ، بىر ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەت ۋە ئابرۇيلىرىنى كۆزلەپ مىليونلارچە خەلقنىڭ جاھالەت بىلەن ئېزىلىپ، يوكلىرىنى كۆتۈرگۈچى ئىشەكلام بولۇپ تۇرۇۋېرىشنى ئىستەيتتى (خالايتتى). ئەمدى جانابى ھەق (ئاللاھ) نىڭ رەھمەت دەرياسى تېشىپ، بۇ قانخور دارەندىلەرنىڭ كۈنى تۈگەپ، يوقۇلۇپ ھەقىقەت ۋە ئادالەت كۈنلىرى كەلدى، ھوقۇق ۋە ئىنسانىيەت دەۋرى باشلاندى. مەشھۇر شائىر نامىق كامال بەگ مەرھۇمنىڭ:

*بىر كۈن كېلىدۇ، كۈندەك ھەقىقەت تۇغىدۇ،*
*شەرق ئۆرلەيدۇ، شەنى بۈيۈك شەرق بولىدۇ.*

دېگەن ھېكمەتلىك شېئىرىنىڭ مەنىسى زاھىر بولۇشقا باشلىدى. ئاللاھقا ھەمد ۋە يۈزلەرچە شۈكۈر بولسۇن، ھازىرقى ۋاقىتتا مىللىتىمىزنىڭ كۆپىنچىسى بەتبەخت زالىملاردىن نىجات تاپتى. ناھەقچىلىك بىلەن گەدىنىمىزگە مىنىۋالغان ئىنسانلىق شەرىپىدىن مەھرۇم تۈۋەن تەبىقە زالىم كىشىلەرنىڭ ئىشكەنجىلىرى ئۈستىمىزدىن ئېلىپ تاشلاندى. مىللەتنىڭ ئەۋلادلىرى ئۆز ئاتىلىرىنى تېپىپ، ئۇلارنىڭ ھىمايە ۋە شەپقەتلىك باغرىغا سىغىندى... دىن ۋە مىللەت ئۈچۈن مال ۋە جانلىرىنى ئىسار (پىدا) قىلىپ، ئۆز قەۋمى ۋە مىللىتىنى بەتبەخت، شەخسىيەتچى زالىملارنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتقۇزغان ئالىي رەھبەر ۋە مۇرشىدلىرىمىز،

ئەلۋەتتە بۇ قۇتۇلۇشنىڭ ئەبەدىي بولۇپ قېلىشى ئۈچۈن سەئيى - ئىجتىھات قىلىنىۋاتىدۇ (تىرىشىۋاتىدۇ)، مىللىي ھاكىمىيىتىمىزنىڭ ۋە ۋەتەن سائادىتىمىزنىڭ بىناسىنى ئىلىم - ئىرپان تاشلىرى بىلەن مەزمۇت ۋە مۇستەھكەم قىلىشنى خالايدۇ.

بۇ ئاساستا جانابى ئەمىرلەشكەر (باش قوماندان) تېمۇرغازى ھەزرەتلىرى، مۆھتەرەم مائارىپپەرۋەر ۋالىي يۇنۇس ھاجى سەئىدى ئەپەندى جانابلىرىنىڭ مۇشپىقانە (كۆيۈمچان) پەرمانلىرى بىلەن، مىللەتنىڭ باللىرىنى بۇ خىل مائارىپ بىلەن تەنۋىر (ئاقارتىش) ۋە تەربىيەلەش ئۈچۈن دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپى ئېچىلدى. مىللىي گېزىت، مەتبۇئاتنىڭ نەشرىياتى ئالى پەرمان بىلەن مەيدانغا چىقتى. قەشقەردىكى بارلىق ئەسكەر، مۈلكى ئىسلام ئەمەلدارلىرىدا بۇ كارلىق (پايدىلىق) ۋە خەيرلىك ئىشلارغا تەۋەججۇھ (يۈزلىنىش بولدى) ۋە ئىئانە مەبزۇل قىلىندى (ئىئانە قىلىندى). جانابى غازى مۇقەددەس خوجىنىياز ھاجىم ھەزرەتلىرى تەرىپىدىن كەلگەن مەكتۇپ، ھىدايەت (يول كۆرسەتكۈچى) ئۇسلۇبلىرىدىمۇ مەملىكەتنىڭ ئىلىم ۋە مائارىپنى نەشر قىلىش (تارقىتىش) ئارقىلىق تىخىمۇ روشەن يورۇقلۇققا چىقىرىش ئۈچۈن ئىرشاد ۋە تەۋسىيە قىلىنغان.

ئەمدى بىزنىڭ ئۈستىمىزگە لازىم بولغىنى، شەپقەتلىك

ئاتىلىرىمىزنىڭ خەيرىخاھانە پەرمانلىرىنى مۇستەھكەم تۇتۇپ، ھەر خۇسۇستا مىللەت ۋە مەملىكەتنىڭ سائادەت ۋە ئىستىقبالى ئۈچۈن جىددىي سەئيى - ئىجتىھات قىلغايمىز. سۇلۇق ۋە غەپلەتلەرنى ئۈستىمىزدىن ئېلىپ بەك ئىرى تاشلىغايمىز...»

مىلادى 1933 - يىلى 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىكى «شەرقىي تۈركىستان ھاياتى» گېزىتىنىڭ 3 - سانىغا بېسىلغان ماقالە.

## قەشقەردىكى ئىسلام ھۆكۈمىتى باش قوماندان ئالىيلىرىدىن

«چوڭ - كىچىك بارلىق پۇقرالارغا ئېلان؛ ئۆلكە ئىچىدە يىللاردىن بېرى خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ۋاقتىدا مەيلى پوچتا، مەيلى ئەرز - داد ئىشلىرىلا بولمىسۇن خىتايچە خەتكە موھتاج بولۇپ كۆپ دىشۋارچىلىق بولغان ئىدى. ھازىر جانابى ئاللاھنىڭ لۇتپى - كەرەمى بىلەن ئىسلام ئاپتىپى چىقىپ، بارلىق ئەھلى ئىسلامغا ئاسايىشلىق بولدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ سىز چوڭ - كىچىك پۇقرالار پوچتىغا خەت بەرسەڭلار، خىتايچە يازدۇرماي ئۆز خېتىمىز بىلەن بېرىڭلار. سىلەر - پوچتىخانىدىكى بارلىق خىزمەتچىلەرمۇ، خەت ئېلىپ كەلگەنلەرنى خىتايچە يازدۇرۇپ بېرىسەن دەپ مەجبۇر قىلماي ئېلىڭلار. دەپ چىقارغان ئېلاننامە.

ئەمىر لەشكەر: تېمۇر غازى»

مىلادى 1933 - يىلى 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىكى «شەرقىي تۈركىستان ھاياتى» گېزىتىنىڭ 3 - سانىغا بېسىلغان خەۋەر.

# شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالى

«چىرىك، مۇستەبىت ھۆكۈمەتنىڭ ۋاقتىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى يەرلىك خەلقنىڭ بايلىرى، ئومۇمىي خەلقىمىزنىڭ ئەھۋالىغا ھېچ (قەتئىي) قايغۇرماي، ھەر قايسىسى ئۆز شەخسىي مەنپەئەتىگە بېرىلىپ، ئۆز پايدىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئىقتىسادىي ئىسلاھاتقا تەشەببۇس قىلماي، بۇ ھەقتە سۆز قىلغانلارغا ھاقارەت نەزىرى بىلەن قاراپ، نۇرغۇن بوھتان چاپلاپ كەلگەن ئىدى. چوڭلارنىڭ بۇ زىيانلىق ئەھۋالىدىن زالىم ھۆكۈمەت پايدىلىنىپ، ئىدارىسىدىكى زالىملىقلىرىغا بۇلارنى ئالەت (ۋاسىتە) قىلىپ، ھەر تۈرلۈك يوللار بىلەن خەلقىمىزنىڭ قولىدىكى تىجارىتىنى ھۆكۈمەت قولىغا ئېلىشقا باشلىغانلىقى ھەممىمىزگە مەلۇم. زىيالىي سىنىپلاردا، بۇ زالىم ھۆكۈمەتتىن قۇتۇلۇپ يەرلىك ھۆكۈمەت قۇرۇلسا خەلقىمىزنىڭ پايدىسى ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ ياخشى ئىشنى قىلماقچى ئىدى. جانابىي ئاللاھنىڭ ياردىمى، غازى ۋە مۇجاھىدلىرىمىزنىڭ سەئيى (تىرىشچانلىقى) ۋە غەيرىتى بىلەن چىرىك ھۆكۈمەتنىڭ ئورنىغا، يېڭى ئىسلام جۇمھۇرىيەت ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى. ئەپسۇس، ھەممە ئىش ئىلگىرىكىدەك كېتىۋاتىدۇ. ئىستىقبال ئۈچۈن چوڭلىرىمىزدا بىرەر ئۈمىد ۋە تەشەببۇسكارلىق يوق.

زىيالىي سىنىپلىرىنىڭمۇ ئاساسى بولغان «ھەرىكەتچانلىق» كۆرۈنمەيۋاتىدۇ. قەشقەرنىڭ ئۆزىدە بىردانە دارىلمۇئەللىمىن ئېچىلدى. مەتبەئە، گېزىت ۋە قىرائەتخانىلار ئۈچۈن ئىمتىيازلار بېرىلدى. تىجارەت ۋە سانائەت ئىشلىرىمىزنى بىر يولغا سېلىپ، خەلقىمىزنىڭ ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ئاساس قىلمىغاندا، يۇقىرىدا يېزىقلىق ئىمتىياز بېرىلگەن مۇھىم ئىشلارنىڭ بەقاسى (ئىزچىللىقى)دىن كۆپ ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ. بىرىنچى بولۇپ، ئىلمىي تەرەپكە ئەھمىيەت بەرسەك. ئىككىنچى بولۇپ، ئىنسانىنىڭ كۈن كۆرۈشى ئۈچۈن ئىقتىسادىي ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلىشقا نەزەر سالساق، ئاندىن ئىستىقبالدىن ئۈمىد كۈتسەك بولاتتى. قەشقەرگە كەلگەندىن بېرى ھەم بايلارغا، زىيالىيلارغا ھەم سودىگەر بۇرادەرلىرىمىزگە بۇ ھەقتە نەچچە قېتىم تەكىتلىدىم. ھازىرغىچە ئەمەلىيەتتە كۆرۈلگەن ھېچبىر ئىش بولمىدى. ھەممە ئىشنى ھۆكۈمەتتىن كۈتۈپ تۇرۇشقا ئەسلا بولمايدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ ئۆزىگە لايىق ئىشلىرى بار، ھەممىگە يېتىشەلمەيدۇ. سودىگەرلەر بىرلىشىپ، شىركەت تەسىس قىلىپ خارىجى (تاشقى) ۋە داخىلى (ئىچكى) تىجارىتىنى شۇ شىركەت بىلەن قىلسۇن. ئۈچىنچى بولۇپ، سانائەت ئىشلىرىمىزنىمۇ ھەم شۇ شىركەتلەر (نىڭ) ئىدارىسىگە ئېلىپ (باشقۇرۇشى ئاستىغا كىرگۈزۈپ)، ۋەتەنداشلىرىمىز ئارىسىدىكى قابىلىيەتلىك قول سانائەتچىلىرىمىزنىڭ ئەھۋالىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئۇلارنى تەربىيەلەپ، شىركەت

ئارقىلىق ۋەتەنگە كىرەكلىك ھەر قانداق نەرسىنى خارىجى دۆلەتلەردىن زاكاز قىلىپ ئالغۇزسا، بۇنداق ئىشلارغا ھۆكۈمەتمۇ مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم قىلاتتى.

يەنە ئالدىمىزدىكى مۇھىم ئىقتىسادىي مەسىلىلەرنىڭ بىرى، ھاجىلىرىمىز چەتئەلگە ئېلىپ چىقىدىغان پۇل توغرىسىدىدۇر. مەزكۇر پۇل ئۇچۇن سودىگەرلىرىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ پايدىسى ئۇچۇن بىر يول تاپسا، پۇللىرىمىزنىڭ كۇرسىغا (ئابرۇيىغا) كۆپ تەسىرى بولاتتى. چىقىپ كېتىدىغان پۇل مەسىلىسى ھەل قىلىنسا، ھۆكۈمەت ھاجىلىرىمىزغا رۇخسەت قىلاتتى. بۇ بولسىمۇ، شىركەتسىز ئىسلاھ بولمايدۇ. بۇ توغرىدا ھۆكۈمەت كېرەكلىك بولغان ياردەمنى قىلاتتى. بۇ ئىشلارنى سودىگەرلەر ئۆز ئىختىيارى بىلەن قىلمىسا، كېيىنكى كۈندە ھۆكۈمەت مەجبۇرى بولسىمۇ قىلدۇرىدۇ. بۇنى بىلىپ قويسۇنلار.

ھۆكۈمەت خادىملىرىدىن: نىزامىدىن»

*مىلادى 1933 - يىلى 8 - ئاينىڭ 3 - كۈنىدىكى «شەرقىي تۈركىستان ھاياتى» گېزىتىنىڭ 3 - سانىغا بېسىلغان ماقالە.*

## ھەق جايىدا قارار تاپتى

«شەرقىي تۈركىستاندا خوجىنىياز ھاجىم جانابلىرىنىڭ خىزمەت ۋە شۆھرەتلىرى ھەممىمىزگە مەلۇم. بۇ بۈيۈك روھلۇق ۋەتەنىنىڭ شانلىق يىگىتى، بىر توپ قوْمۇل غازىلىرى بىلەن زالىم جىن شۇرىنىنىڭ دەھشەتلىك قوۋۋىتىگە قارشى ئىككى يېرىم يىل ھەقىقەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ، ئىنساپسىز مەغرۇر ۋە مۇتەكەببىر دۈشمەنلەرنىڭ قوۋۋەتلىرىنى جانابى ھەقنىڭ (ئاللاھ) ياردىمى بىلەن ئېزىپ، باقى (باشقا) ۋىلايەتلەرگە روھ ۋە ھايات كەلتۈرۈپ، قەھرىمانلىق كۆرسىتىش ۋە رەھبەرلىك قىلىش ئارقىلىق، مەملىكەت ۋەھشىي جاھجۇڭلارنىڭ زالىم ئىدارىسىدىن قۇتۇلۇپ، مىللىي ئازادلىق دەۋرى باشلاندى....

بۇ ئالىي روھلۇق غازى، ۋەتەنىنىڭ قۇتقۇزغۇچىسىنىڭ بىرگە دائىمىي باشلىق ۋە رەئىس بولۇشىنى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەربىر فەردى (پۇقراسى) ئارزۇ قىلماقتا ساپ ۋىجدان سادالىرى شۇ مىللىي ئىشتىياقنى ئاشكارا قىلماقتا ئىدى. ھەمدىلەر بولسۇن! ئارزۇيى ئومۇمىي جايىغا ئۇلاشتى. قوْمۇلدىن باشلاپ مەملىكەتنىڭ ھەممىسى غازى خوجىنىياز ھاجىم ھەزرەتلىرىنى ئۆزلىرىگە رەئىسى جۇمھۇر

سايلاپ، بەيئەتلىرىنى بىلدۈردىلەر.

قەشقەرگە جانابى مىللەتپەرۋەر مۇھەممەد نىياز ھاجى ئەلەم ئاخۇنۇم، كۇچاردىن غازى (خوجىنىياز ھاجىم) ھەزرەتلىرى تەرىپىدىن ۋاكالەتەن تەشرىپ قىلدىلەر. قەشقەر ئاھالىسى جانابى غازى ئوسمان ئالىي سىجاك باشلىق بارلىق مەمۇرىي ، ئەسكىرىي ئەمەلدارلار، ئۆلىما ۋە كۇبرا چوڭ - كىچىك رەئىيىيەت (خەلق) ۋە پۇقرالار بىلەن غازى نىياز ھاجىمنى شەرقىي تۈركىستان سەردارى ۋە جۇمھۇر رەئىسى دەپ تونۇپ بەيئەت بەردىلەر.

ئەنجىنىڭ جۇمھۇرىيىتى تەرىپىدىنمۇ غازى خوجىنىياز ھاجىمنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ سەردارى ئەلالىقى (ئەڭ ئالىي رەھبەرلىكى) تەستىق قىلىنىپ، ھاۋا كېمىسى (ئايروپىلان) ۋاستىسى بىلەن تەستىقنامە كەلدى. ئىنشائاللاھ، شەرقىي تۈركىستان ئۇلۇغ رەھبىرىمىز غازى ئەزەمنىڭ رەھنىمالىقلىرى (مېھرى - شەپقەت) بىلەن مىللىي ئىستىقلالىمىز مۇستەھكەم بولۇپ، ئىدارە ۋە ئىنتىزام بىلەن مەسئۇد ياشار. پۈتۈن مىللەتنىڭ ئىستىقبال ۋە ئىستىقلالى تەمىن قىلىنىپ، مىللىي ھاياتنىڭ ئاپتىپى كۈندىن - كۈنگە ئۈستىمىزگە روشەنلىك زىيالىرى (نۇرلىرى)نى چاچار.»

«شەرقىي تۈركىستان ھاياتى» گېزىتىنىڭ 4 - سانىغا بېسىلغان ماقالە (نەشر قىلىنغان ۋاقتى ئۆچۈپ كەتكەن بولۇپ، تەخمىنەن مىلادى 1933 - يىلى 8 - ئاينىڭ ئاخىرىغا توغرا كېلىدۇ).

## خوتەن ئىتتىپاقى

«ئىلگىرى قەشقەرگە مەسلىھەتى ئىسلامىيە (مۇسۇلمانلار كېڭىشى) ئۈچۈن خوتەن ئەسكەرلىرىدىن بىر قىسىم باشلىقلار كېلىپ، بەزى ئاڭلىشالماسلىق تۈپەيلى ئوتتۇرىدا بەزى نىزا ۋاقىئ بولغان (يۈز بەرگەنلىكى) سەۋەبلىك تارىلىپ قايتقان ئىدى. ھازىر جانابى غازى سىجاڭ باشلىق ئۇلۇغلارنىڭ ئەمرى بىلەن، قەشقەردە «خوتەن ئەسكىرى ئىدارىسى» تۈزۈلۈپ، خوتەن تەرەپكە ئىتتىپاقەن (بىردەك) مىللىي مەنپەئەت ئۈچۈن ھەرىكەتتە بولۇنماق جەھەتتىن (ئۈچۈن) رەئىسىمىز غازى نىياز ھاجىمنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن بىر قانچە زەۋاتى كىرام سەپەرگە ئەزىم قىلىپ (بەل باغلاپ) كەتتىلەر.»

*«شەرقىي تۈركىستان ھاياتى» گېزىتىنىڭ 4 ـ سانىغا بېسىلغان خەۋەر (نەشر قىلىنغان ۋاقتى ئۆچۈپ كەتكەن بولۇپ، تەخمىنەن مىلادى 1933 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغا توغرا كېلىدۇ).*

# رەئىسى جۇمھۇرىمىز

«غازى ئەزەم خوجا نىياز ھاجىم ھەزرەتلىرى كۈچادىن ئاقسۇغا تەشرىپ قىلماقچى ئىكەن. ئاقسۇدا مەملىكەتنىڭ ئومۇمىي مەسلىھەتى (مەنپەئەتى) ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم تەدبىر ۋە مەسلىھەتلەر بولۇشىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتىمىز»

*مىلادى 1933 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىكى «شەرقىي تۈركىستان ھاياتى» گېزىتىنىڭ 5 ـ سانىغا بېسىلغان خەۋەر.*

## تەشرىپ

«رەئىسى جۇمھۇر غازى خوجىنىياز ھاجىم تەرىپىدىن خارىجى (چەت) دۆلەتلەر بىلەن سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەت ۋە دوستانە ئالاقىنى زىيادە قىلىش (كۈچەيتىش) ۋە ئوتتۇرىدا مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، جانابى ھاجى قاسىمجان ئەپەندى خارىجىيە (تاشقى ئىشلار) ۋەكىلى تەيىن قىلىنىپ، قەشقەرگە تەشرىپ قىلدى. بۇ ئەمر جەلىلى (شەرەپلىك خىزمەت) دە مۆھتەرەم خارىجىيە ۋەكىلىمىزگە مۇۋەپپەقىيەت تىلەيمىز.»

*مىلادى 1933 - يىلى 9 - ئاينىڭ 26 - كۈندىكى «شەرقىي تۈركىستان ھاياتى» گېزىتىنىڭ 6 - سانىغا بېسىلغان خەۋەر.*

## داخىلى ئەھۋال (ئىچكى خەۋەرلەر)

«ھازىر مەملىكەت ئىشلىرى تولۇق زەبت (كونتروللۇق) ۋە نىزامغا چۈشۈپ بولغۇچىلىك، مالىيە ئىشلىرىمىزدىكى ئېھتىياجغا ئاساسەن، رەئىسى جۇمھۇر غازى خوجىنىياز ھاجىمنىڭ پەرمانى بىلەن، قەشقەردە توپلانغان مىللەت مەجلىسى (پارلامېنت) تەرىپىدىن، پادىشاھلىق (دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى) مۈلۈك جايلىرىنى زۇلۇك (تەمنات) قىلىپ، يىگىرمە مىليون قەغەز پۇل چىقىرىش قارار قىلىندى.»

## تەشرىپ

«يېڭى شەھەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا ياردەم قىلىش ئۈچۈن، رەئىسى جۇمھۇرىمىز تەرىپىدىن بەش مىڭ ئەسكەر بىلەن جانابى باي سىجاڭ غازى قەشقەرگە تەشرىپ قىلماقتىدۇر.»

## ئۇلۇغ ۋەكىللەر

«جانابى غازى رەئىسى جۇمھۇرىمىزنىڭ پەۋقۇلئاددە ۋەكىللىرى ھۆرمەتلىك زۇڭ زەيخۇ ھاجى ئابدۇلقادىر

ئەپەندى، قۇمۇللۇق ئاقسۇ ۋالىيسى (دوتەي) ئەييۇب دارىن جانابلىرى، جانابى مۆھتەرەم ئابدۇلمەجىد داموللام، مۆھتەرەم مۇسەييىب ئاخۇن داموللام بۈيۈك ۋاكالەت بىلەن قەشقەرگە تەشرىپ ئەتتىلەر. بۇ زەۋاتى كىراملار (ھۆرمەتلىك زاتلار)، دەسلەپتە يەركەنتتە خوتەن مەسىلىسىنى چىرايلىق ھەل قىلىپ تاماملىغاندىن كېيىن بۇ يەرگە كەلمىشلەردۇر.»

*مىلادى 1933 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈندىكى «شەرقىي تۈركىستان ھاياتى» گېزىتىنىڭ 8 ـ سانىغا بېسىلغان خەۋەر.*

## بىزگە ھۆكۈمەت كېرەك

«يەر يۈزىدىكى ئىنسانلار ئەڭ قەدىم زاماندىن تارتىپ بىر خىل ھۆكۈمەت تۈزۈپ، شۇنىڭ قائىدىلىرى ئاستىدا ياشاپ كەلگەن. ئىنساننىڭ ئىجتىمائىي ھاياتىدا ھۆكۈمەتسىز ياشىشى تەبىئىي مۇمكىن ئەمەس. جەمئىيەتى بەشەرىيە (ئىنسانىيەت جەمئىيىتى) ئارىسىدىكى ھەق - ھوقۇقنى ئادالەت بىلەن ساقلاپ، بىر - بىرلىرىگە زۇلۇم ۋە تاجاۋۇزچىلىق قىلىشلىرىغا يول قويماي، كۈچلۈكنىڭ كۈچسىزگە زورلۇق قىلىشىغا ئوخشاش پاك ۋىجدانغا يات ۋە ئەسكى ئىشلارنى مەنئى قىلىش، تاشقىرىدىن كېلىدىغان تەئەررۇز (ھۇجۇم) ۋە ئىشغاللاردىن ئىدارىسىدىكى يۇرت ۋە مىللەتنى مۇھاپىزەت قىلىش ھۆكۈمەتنىڭ ئۈستىدىكى قەرزدۇر (بۇرچىدۇر). بۇنداق ھۆكۈمەتكە ئىنسانلارنىڭ ئىتائەت قىلىشى ئەلۋەتتە ۋاجىپ بولىدۇ. چۈنكى ئومۇمىي خەلقنىڭ مەسلىھەتى (مەنپەئەتى) گە خىزمەتچى بولغان بىر ھەيئەتكە ئىتائەت بولمىسا، ھەممىسىنىڭ ھالى باراۋەر خاراب ۋە پەرىشان بولىدۇ. زىيىنىغا ئىش قىلىدىغان ۋە زۇلۇم كۆرۈشكە تۈرتكە بولىدىغان باشقا بىر كۈچكە باش ئېگىشكە مەجبۇر بولىدۇ.

خۇلاسە قىلغاندا، ئىنسان(لار) جەمئىيىتىگە بىرىنچى زۆرۈر بولغان نەرسە ھۆكۈمەتتۇر. شۇ ئىككى قىسىم ۋەزىپىنى ئادا قىلغۇچى ھۆكۈمەت دېگەن ھەيئەت نېمىدىن ئىبارەت؟ ئىنسانىنىڭ بۇرۇنقى زاماندىكى تۇرمۇشى ئاددىي - ساددا ئىدى. چارە - تەدبىرلەر كەم ئىدى. بۇ ئۇزۇن زاماندا ئىنسان ياشىغانسېرى تەجرىبىلىرى كۆپىيىپ، تۇرمۇشتىكى ئۆزگىرىشلەر بىلەن بىرگە ھۆكۈمەت ھەيئەتلىرىمۇ ئۆزگىرىپ مۇكەممەل ھالغا كەلدى. ئىنقىلابىمىزدىن بۇرۇن، بىزنىڭ تىزگىنىمىز بىرگە پەقەتلا ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن تۆت ئاياغلىق چارپاي قىلىپ ئىشلىتىشتىن باشقا بىر ھەق - ھوقۇق تونىمىغان ۋەھشىي زالىملارنىڭ قولىدا ئىدى. بىزلەر ئۆز ۋەتىنىمىزنىڭ ئىسلاھاتى ۋە مەنپەئەتىگە خىزمەت قىلىشتىن مەھرۇم (قىلىنغان)، ئۇزاق تۇتۇلغان ئىدۇق. خىتاي خانلىقىنىڭ ئىستىلاسىدىن ئىلگىرى بۇغراخانلار، چىڭگىز چاغاتاي خانىدانلىرى ۋاقتىدىكى مۇستەقىل - ئازادلىق دەۋرلىرىمىزدە، ئۇ زامانغا كۆرە مۇكەممەل ھۆكۈمەت ۋە تەشكىلاتلىرىمىز بار ئىدى، نويانلار، ۋەزىرلەر، ۋالىيلار، ھاكىملار، ئىشىك ئاغىلىق، دارۇغەيىكلىك[1]، خەزىنىچىلىك، دىۋانبېگىلىك ۋە باشقىلىرى بىرەر ھۆكۈمەت تەشكىلاتى ئىدى. خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ئىستىبدات دەۋرلىرىگە خاس ئىدارىسى (باشقۇرۇشى)، بىزگە ياتتۇر. ئۇ ھايات تۇرمۇشىمىزغا بىگانە بولغانىنىڭ

[1] بۇرۇنقى دەۋرلەردە دۆلەت ئىچىدىكى بىرخىل مەنسەپ.

ئۈستىگە بىزنى ئۆز ئىلىمىز ۋە مەۋرۇس (ئەجدادىمىزدىن مىراس) ۋەتىنىمىزنىڭ سىياسەت ۋە ئىدارىلىرىگە ئىشتىراك قىلىشتىن تارلىق ۋە تەئەسسۇپلۇق بىلەن توسۇپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئۈچۈن زۆرۈر ۋە ئېھتىياجلىق مۇھىم نەرسىلەردىن يىراق قالدۇردى. بۇرۇنقى ئىستىقلال ۋە ھاكىمىيىتىمىز زامانىدىكى تەشكىلات ۋە ھۆكۈمىتىمىز، جاھىل ۋە ۋەھشىي ئىدارىنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇنتۇلۇپ كەتتى. ئەلھەمدۇلىللاھ! ھازىر مىللىي ئازادلىق دەۋرىگە چىقتۇق. ئۆز ئۆيىمىزنى ئۆزىمىز تۇتۇپ، ئۆز ئىشىمىزنى ئۆزىمىز ئىدارە قىلىپ، خاندان مىللىتىمىزنى ھەرخىل زىيان ۋە زەخمەتتىن مۇھاپىزەت قىلىپ، ئۇنىڭ تەمىر ۋە ئىسلاھاتىغا كۆڭۈل بېرىش ۋەزىپىسى ئۈستىمىزگە يۈكلەندى. ئەمدى بۇ ئالىي ۋەزىپىنى بېجىرىش ئۈچۈن بىزگە مۇمكىن قەدەر تەرتىپ، نىزام ۋە قائىدىلەر بىلەن مىللىي ھۆكۈمىتىمىزنى تۈزۈپ، ھەر بىر ئىدارىگە ئۆزىگە خاس ھېزىپلەر (گۇرۇپپا) تەيىن قىلىپ، ھەر قايسى ئىدارە مۇمكىن قەدەر ئۆز ۋەزىپىسى بىلەن مەشغۇل بولۇش بىلەن ئۇنى مۇمكىن قەدەر ئورۇنلاپ، باشقىسىنىڭ ئىشىغا ھېچ ئارىلاشماي، ئۆز ئۈستىگە چۈشكەن ۋەزىپە بىلەن مۇكەممەل رەۋىشتە خىزمەت قىلىشى ۋە تىرىششى پەرزدۇر. بىر ۋەزىپىدىكى مەمۇر، يەنە باشقا بىر ئىدارىنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىۋالسا، بارلىق ئىشلار ئۆز چېغىرىدىن چىقىپ ھەممىنىڭ پەرىشانلىق ۋە پالاكەتلىرىگە سەۋەب بولىدۇ. مەسىلەن:

ئەسكەرلىك ۋەزىپىسى، مەملىكەتنى خارىجى دۈشمەنلەردىن ساقلاپ، ۋەتەنىنىڭ مۇھاپىزىتى ئۈچۈن تەيىن قىلىنغان بىر ئالىي ماقامدۇر. بۇ ئىدارە ئەسكىرى ئىشلارغىلا قارىماي باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولسا، ھەربىي ئىشلار كوتا بولۇپ قالىدۇ ھەم مەملىكەتتە ئامانلىق يوقىلىدۇ. ئىنسان يىغىنلىرىنىڭ ئەمنىيىتى ۋە ئومۇمىي ئاسايىشنى ساقلاش ئۈچۈن تۈزۈلگەن ھۆكۈمەتنىڭ مەقسىتى يوق بولغان بولىدۇ. مەمۇرىي ۋالىيلار ۋە ھاكىملار (دوتەي، شەنگەنلەر) غا خەلق ۋە پۇقرانىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇئامىلات (ھەق - تەلەپ) داۋالىرىدا قانۇن ۋە نىزام مەھكىمىلىرىنىڭ كۆرسەتمىسىگە مۇۋاپىق ھۆكۈملەرنى ئىجرا قىلىش بىلەن ئومۇمنىڭ ھۇزۇرىغا دەخلى - تەئەررۇز ئىشلىرىنى تەپتىش قىلىش ۋە ئومۇم خەلقنىڭ ئاسايىشنى ساقلاش ۋە بۇ ساھەدىكى ۋەزىپىلەرنى بەجا كەلتۈرۈش ئۈستىگە يۈكلەنگەندۇر. ئەگەر بۇلار بۇ ۋەزىپىنى قويۇپ ئەسكەرلىك ئىشلىرىغا ئارىلاشسا، ئەسكەرلىك ۋەزىپىلىرى خەلەل (كاشىلا) ۋە تەپرىقچىلىككە يۈز تۇتىدۇ، مەمۇرىي ئىشلار چالا قالىدۇ. يەنە ئوخشاشلا مالىيە، خەزىنە ۋە تاشقى مۇناسىۋەت ئىدارىلىرىنىڭ ھەر بىرى ئۆزىگە تېگىشلىك ئىشلىرىنىڭ بېشىدىلا تۇرۇشى ھېكمەتى ھۆكۈمەت (ھۆكۈمەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتى) گە مۇۋاپىقتۇر. يەنە تەكرار ئېيتىمىزكى، بىر مەملىكەتنى زەبت قىلىشتىن بەكرەك ئىدارە قىلىش قىيىندۇر. «بۇزماق ئاسان، تۈزىمەك تەس» دېيىلىدۇ. تەرتىپ ۋە نىزامسىز سورالغان

بىر مەملىكەتتە ھۆكۈمەت يوق دېمەكتۇر، ھۆكۈمەت يوق مەملىكەتتە ئىنسان تۇرماس.

خۇلاسە قىلغاندا، كۆپ مېھنەت ۋە مۇشەققەتلەر چېكىپ تۈمەن - تۈمەنلەپ مەزلۇم مىللىتىمىزنىڭ قانلىرى تۆكۈلۈپ، كۆپلىگەن خانىلىرىمىز دۈشمەن تەرىپىدىن ۋەيران بولۇپ، قولىمىزغا قايتۇرۇپ ئالغان مىللىي ھاكىمىيىتىمىز ۋە سۆيۈملۈك ۋەتىنىمىزنى يەنە قولىمىزدىن بەرمەي ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن، نىزاملىق ۋە قائىدىلىك ھۆكۈمەت تەشكىلاتى قۇرۇشىمىز لازىم. ئۇنىڭ ئۈچۈن، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئۆلكىلىرىدىن ئىستىبداتلىق ۋەكىللەرنى توپلاپ، مەشۋەرەت (مەسلىھەت) بىلەن ئىچكى، تاشقى، ھەربىي، مالىيە ۋە ئەدلىيەگە ئوخشاش ئىدارىلەرنى باشقۇرۇشقا لايىق، يېتىشكەن زاتلاردىن تەركىب تاپقان بىر ئالىي ھۆكۈمەت مەھكىمىسى تۈرغۈزۈلسۇن. مەملىكەتتىكى ھەرخىل ھۆكۈمەت ئىدارىلىرى شۇ ئالىي مەھكىمىنىڭ ئۆزىگە قاراشلىق باش شۆبىسىگە قارىسۇن، ئىتائەت قىلسۇن. رەئىسى جۇمھۇر ھەزرەتلىرى شۇ ئالىي ھۆكۈمەت ھەيئىتىگە رىياسەتچىلىك قىلىپ، مەسلىھەت بىلەن ھۆكۈم پەرمان ئىنايەت قىلىپ (چۈشۈرۈپ) تۇرسۇن. ۋىلايەت ۋە شەھەرلەردىكى ھەربىي ۋە ئەسكىرى ئىدارىلەر ئالىي باش ھۆكۈمەتتىكى ھەربىي نازارىتىگە قارىسۇن. ۋالىيلار (دوتەي) ئىچكى ئىشلار باش نازارىتىگە تابى بولسۇن (بويسۇنسۇن). خىراج (باج) ۋە گۈمرۈك (تاموژنا) مەمۇرلىرى مالىيە نازارىتىگە

ئائىت بولسۇن. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھەر ئىداردىكى ئەمەلدار ۋە مەمۇرلار ئۆزىگە قاراشلىق دائىرىلەرنىڭ سىرتىغا چىقماي، كىچىك مەمۇرلار كاتتىلىرىغا تولۇق ئىتائەت قىلسۇن. ئەسكەرلىرىمىزنىڭ مائاش قاتارلىق چىقىملىرىنى مالىيە باش نازارىتىنىڭ پەرمانى بىلەن ۋىلايەتلەردىكى مالىيە شۆبىلىرى، ۋالىيلارنىڭ ياردەم ۋە ھىمايىسى بىلەن تەمىن قىلىپ تۇرسۇن. ئەسكەر ئىدارىلىرى ئۆزلىرى توغرىدىن (بىۋاستە) خەلق ۋە پۇقرالاردىن بىر نەرسە ئالماي، ھەرقانداق ھاجەتلىرى بولسا ۋالىيلار بىلەن مالىيە شۆبىسىگە مۇراجىئەت قىلىپ، ئېھتىياجلىرىنى ئادا قىلسۇن. ئەگەر ھۆكۈمەت مۇشۇنىڭغا ئوخشاش تەرتىپ ۋە قائىدىلەر بىلەن تۈزۈلۈپ ئەمەل قىلىنمىسا، مەملىكەت توپىلاڭچىلىق ۋە پاراكەندىچىلىك ئۇۋىسى بولۇپ قېلىپ، نۇرغۇن قۇربانلارنى بېرىپ، نۇرغۇن مۇشەققەت بىلەن ھاسىل بولغان ئازادلىق نەتىجىلىرىنى كۆرەلمەي، ئۈمىدلەر بوشقا چىقىپ قالىدۇ.

بىز بۇرۇنقى جىنىڭ شورىنغا ئوخشاش مۇستەبىت جاھانگىرلارنىڭ زالىمانە ئىدارىسىدىن كۆرگەن زۇلۇم ۋە ناھەقچىلىككە قارشى، ئادالەت ۋە ھوقۇق تەلىپىدە بېشىمىزنى كۆتۈرۈپ مەيدانغا چىققان بىر مىللەتمىز. ئەلۋەتتە، شۇنداق ئومۇمىي ھەق - ھوقۇقنى تونۇمىغان تەرتىپسىز ۋە زالىم ئىدارىدىن تېخىمۇ ياخشى، ئالىي بىر ئىدارە بىلەن يۇرت ۋە خەلقىمىزنىڭ ئاسايىش ۋە سائادەتلىرىنى قولغا كەلتۈرىدىغان بىر تەشكىلى ھۆكۈمەت

قۇرۇپ، خەلقىمىزگە ئازادلىق ۋە ئىنقىلابنىڭ مېۋىسى ۋە نەتىجىسىنى كۆرسىتىشىمىز لازىم.

ئىنشائاللاھ ھەر بىر ئىشىمىز ياخشى ھالەتكە كېلىپ، مۇشۇ مەزلۇم مەملىكەت مىللىي ئازادلىق ئاپتىپىنىڭ زىياسى (نۇرى) دىن كۆپ مىقداردا پايدىلىنىپ، كۆڭلى سۇنۇق ۋە غېرىب مىللىتىمىز پەيزى سائادەت ۋە ئىززەت - ئىقبال بايلىقلىرىدىن مەمنۇن بولۇپ ياشار، دەپ چوڭ ئۈمىد كۈتىمىز.»

مىلادى 1933 - يىلى 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى «شەرقىي تۈركىستان ھاياتى» گېزىتىنىڭ 10 - سانىغا بېسىلغان ماقالە.

## قەشقەردە ھۆكۈمەت قۇرۇلىشى

«ئىنسانلارنىڭ ھۆكۈمەتسىز ۋە تەبىبسىز (دوختۇر) بىر يەردە ياشىيالىشى ماھال (ئىمكانسىز) بولۇپ، ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئەقىل ۋە ئىنسانىي ھېس - تۇيغۇدىن ئايرىلمىغاندەك، بىر خىل تەرتىپ ۋە نىزامسىز دۇنيادا ياشىيالمايدۇ. ھەتتا چۈمۈلە ۋە ھەسەل ھەرىسى كەبى ھايۋانلارنىڭمۇ ئۆزىگە يارىشا تەرتىپ ۋە ھۆكۈمەتلىرى بار. بىز بۇ توغرىدا گېزىتىمىزدە بىر نەچچە قېتىم يېزىپ ئۆتكەن ئىدۇق. قەشقەردە مىللىي ئىنقىلابىمىز باشلانغان كۈندىن تارتىپ، بىزدە ھۆكۈمەتسىزلىك ۋە تەرتىپسىزلىك ئەۋج ئېلىپ، نىزام ۋە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان ھەر بىر دائىرە ئۆز ۋەزىپە بېشىدا بولغان بىر ھۆكۈمەت بولالمىغان ئىدى.

ئەمىرۇلمۇئمىنىن (مۆمىنلەرنىڭ باشلىقى) ۋە ئىسلام ئەمىرلىكلىرى (مۇسۇلمان دۆلەتلەر) كۆپىيىپ، ھەر بىر ئەمىرۇلمۇئمىنىن مىللەتنىڭ جېنىغا، مېلىغا ۋە ئىپپەت - نومۇسىغا مالىك (ئىگە) بولۇپ، ئۆزلىرى خالىغانچە ئۆز نەپسى ۋە ھاۋايى - ھەۋىسىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن خالىغانچە ئىش قىلىشقا باشلىدىلەر. يۇرت ۋە مىللەت مىللىي ئازادلىق ئۈچۈن ئىسلام ئىدارىسىنىڭ قول ئاستىدا ياخشى كۈن

كۆرۈپ، ئۆز مىللىتىدىن بولغان ھۆكۈمىتىدىن مېھرى - شەپقەت ۋە ئادالەت كۆرۈشنى ئۈمىد ۋە ئارزۇ قىلىپ، ئىنقىلابنىڭ بېشىدا كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ «ئامىن، ئامىن» دېگەنلەرگە ھەيران قالغۇدەك دەرىجىگە كېلىپ قالغان ئىدى. ئادەم پەرزەنتىنىڭ خۇي ۋە ئەخلاقى پەرقلىق بولۇپ، ھەر يەردە ۋە ھەر يۇرتتا ياخشىسىمۇ بار، يامىنىمۇ بار. مۇجاھىدلار ئارىسىدا، ئىنقىلابنىڭ بۇ دەرىجىدە ئومۇمىي خەلقنىڭ پەرىشانلىق ئىچىدە قېلىشىغا سەۋەب بولغانلىقىغا ئېچىنىپ، ئەپسۇسلىنىۋاتقان ياخشى كۆڭۈللۈك زاتلارمۇ يوق ئەمەس ئىدى. يەنە مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىغا بەدنام قىلىپ (تۆھمەت چاپلاپ)، ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىپ، ئاسايىشنىڭ توغرا بولماسلىقى ۋە تەرتىپسىزلىكنى ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ قاراپ، شەھەر ۋە يېزىلاردىن ئۇزاق جايلاردا بىچارە مۇسۇلمان خەلقنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ، ئۇرۇپ، ئېسىپ، پۇل يىغىپ، بىگۇناھ ئىنسانلارنى ئۆلتۈرۈپ، مۇشۇنىڭغا ئوخشاش پىسقى - فۇجۇر گۇناھلارنى ئىشلەپ، زالالەت ۋە شەرىئەتكە مۇخالىپ ئىشلار بىلەن ئومۇمىي خەلقنىڭ پەرىشانلىقىغا سەۋەبچى بولغانلار بار ئىدى. بۇ سەۋەبتىن مەملىكەت ئىستىقبالىنىڭ خەتەرگە چۈشۈپ قېلىشىنى توسۇپ قېلىشنى كۆزدە تۇتۇپ، بۇنىڭغا ئوخشاش زىيانلىق دارەندىلەردىن يۇرتنى تازىلاپ، مىللىي ھۆكۈمىتىمىزنىڭ ئاساسىنى سالماق ئۈچۈن بارلىق ئەسكەر ۋە قوماندانلار ھۆكۈمەت ئەزالىرىنىڭ ئىتتىپاقى (بىردەكلىكى)

بىلەن «ئەدىي» دېگەن بۇزغۇنچى شەرىئەتكە مۇۋاپىق ئېتىپ تاشلاندى. ئۇنىڭغا قاراشلىق نۇرغۇن ئادەملەر قورال - ياراقلىرى بىلەن قولغا چۈشتى. كېيىن 23 - رەجەب ئېيى (نىڭ) شەنبە كۈنى ئاخشىمى ھەممە ئەسكەر قوماندانلىرى ۋىلايەت قونىقى (مېھمانخانىسى) - «دارۇلھۆكۈمەت»كە يىغىلىپ، تەرتىپ - نىزام بىلەن باشلىقلارغا، خۇسۇسەن سەردار ئەزەم خوجىنىياز ھاجىم ھەزرەتلىرىنىڭ ئەمىر - پەرمانلىرىغا ئىتائەت قىلىش بىلەن بىرگە، غازى خوجىنىياز ھاجىمدىن كەلگەن نىزامنامە ۋە ئالىي پەرمانغا مۇۋاپىق ھۆكۈمەت تەشكىلاتىنى تەرتىپكە قويۇش ئۈچۈن، جىددىي مۇزاكىرىلەر ۋە تەسىرلىك نۇتۇقلاردىن كېيىن، مۇشۇ يېڭى قۇرۇلغان مۇنتىزىم ھۆكۈمەتكە كامال (تولۇق) ئىتائەت قىلىش، ھۆكۈمەت ۋە ئومۇمىي ئاسايىشنى ساقلاش ئۈچۈن بىجانىدىل خىزمەت قىلىش توغرىسىدا قۇرئان كەرىمگە قەسەم ياد قىلىشتى. مەركىزىي قوماندانلىق ۋەزىپىسىگە يۈسۈپجان[1] مىڭ بېشى سايلاندى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللىي ھۆكۈمەت بايرىقى ئۈچۈن ئۆزىمىزنىڭ قەدىمكى

---

[1] ئەسلى ئۆزبېكىستاننىڭ شەھرىخان دېگەن يېرىدىن بولۇپ، غەربىي تۈركىستاندا رۇس ئىستېلاسىغا قارشى قوزغىلاڭغا رەھبەرلىك قىلغان چوڭ سەركەردە ئىدى. 1933 - يىلىنىڭ باشلىرىدا نۇرغۇن ئۆزبېك قوشۇنى بىلەن قەشقەرگە كېلىپ، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشىدا ئاكتىپ رول ئالغان ۋە 1933 - 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قەشقەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دۆلىتىدە گارنىزون قوماندانى ۋە باش قوماندان بولغان. شېرىپ نىياز خۇشتار، «شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن شەخسلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى 2003 - يىلى 1 - نەشرى، 123 - بەت.

مىللىي، تارىخىي بايرىقىمىز بولغان «ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق» قوبۇل قىلىندى. ئەتىسى يەكشەنبە پۈتۈن خەلق، ئەسكەرلەر، قوماندانلار، مەمۇرىي خادىملار، ئۆلىمالار، يۇرت ئاقساقاللىرى ۋە دارىلمۇئەللىمىن ئوقۇغۇچىلىرى ياۋاغ تېشىدىكى كۆۋرۈك ئالدىدىكى مەيدانغا جەم بولۇپ، قىيامى سائەت (چۈش ۋاقتى) 12 دە بۈيۈك تەنتەنىلەر بىلەن 41 دانە توپ ئېتىلىپ، تەرەپ - تەرەپتە مىللىي كۆك بايراقلار ئېچىلىپ، ئۈستۈن روھى كەيپىيات بىلەن مۇستەقىل ھۆكۈمەت مۇۋەققىتىسى (ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت) ئېلان قىلىندى. بۇ ۋاقىتلىق مىللىي ھۆكۈمەتكە تۆۋەندىكى زاتى كىراملار ئەزا بولۇپ سايلاندى:

باش ۋەكىل (باش مىنىستىر): ھاجى سابىت ئابدۇلباقى.

داخىلىيە (ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى): سەئىدزادە يۇنۇس بەگ.

خارىجىيە ۋەكىلى (تاشقى ئىشلار مىنىستىرى): قاسىمجان ھاجى.

مائارىپ ۋەكىلى (مائارىپ مىنىستىرى): ئابدۇلكەرىمخان مەخدۇم.

سىر ئەسكەر (ھەربىي ئىشلار مىنىستىرى): ئورازبەگ (قىرغىز).

ئەۋقاف ۋەكىلى (ۋەخپە ئىشلىرى مىنىستىرى):

شە مەسىد بن.

ئەدلىيە ۋە ئۇمۇرى دىنىيە ۋەكىلى (ئەدلىيە ۋە دىنىي ئىشلار مىنىستىرى): زىرىپ قاراجىم.

مالىيە نازىرى: ئەلى ئاخۇنباي.

ھەيئەتى ۋۇكەلاغا ئومۇمىي مۇپەتتىش (ۋەكىللەر ھەيئىتىنىڭ باش مۇپەتتىشى): ھاجى مۇھەممەد نىياز ئەلەم ئاخۇنۇم.

سىھھىيە ۋەكىلى (سەھىيە مىنىستىرى): ئابدۇللاھ خانى.

**بۇ ھۆكۈمەتنىڭ ۋەزىپىلىرى**

نەچچە ئايلاردىن بېرى شەھەر، يېزا ۋە مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئالاقە ئىشلىرىدا داۋام قىلىۋاتقان ھۆكۈمەتسىزلىك ۋە تەرتىپسىزلىكنى يوقۇتۇپ، ئاممە (ئومۇمىي) خەلقنىڭ ئاسايىشىنى تەمىن قىلىش.

ئەسكىرى ۋە مەمۇرىي خىزمەتلەر لاياقەتلىك ۋە ئىشەنچلىك كىشىلەرگە تاپشۇرۇلۇپ، دۆلەتنىڭ ئىستىھكامى، پۇقرانىڭ ئازادلىق ۋە ئەركىنلىكىگە ئۇيغۇن بولغان بارلىق مەشرۇ (قانۇنىي) ھەق - ھوقۇقلىرىنى ھىمايە قىلىپ، ئۇنى ساقلاپ قىلىشنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىش.

ھەمسايە (قوشنا) دۆلەتلەر بىلەن كامال (تولۇق) دوستلۇق ۋە مۇناسىۋەتنى كامىل قىلىپ، بارلىق چېگرىداش دۆلەتلەرنىڭ رەسمىي مەمۇرلىرى بىلەن بارلىق پۇقرالىرىمىزنى


ھىمايە قىلىش ۋە مەشرۇ (قانۇنىي) مەنپەئەتلىرىنى مۇھاپىزە قىلىش.

ئىنشائاللاھ ئەمدى مەملىكەتتە ھوقۇقلۇق ۋە ئىنتىزاملىق بىر مىللىي ھۆكۈمەت قارى ئېلىنىش بىلەن ئومۇمىي سائادەت دەۋرى باشلىنىدۇ، دەپ ئۈمىد قىلىمىز.»

*مىلادى 1933 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىكى «ئەركىن تۈركىستان» گېزىتىنىڭ 13 ـ سانىغا بېسىلغان خەۋەر.*

شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنى جاكارلاش مۇراسىمى


ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار رەسىم ۋە مەلۇماتلار




1933 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قەشقەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دۆلىتىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى رەسمىي جاكارلاش مۇراسىمى.[1]

---

(1) يالقۇن روزى، «ئويغىنىۋاتقان ئەجداد روھى»، شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى، ئۈرۈمچى 2013 - يىلى 1 - نەشرى، 384 - بەت.



1933 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قەشقەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دۆلىتىنىڭ بايانامىسى باش مىنىستىر سابىت داموللام تەرىپىدىن ئوقۇلۇپ، دۆلەتنىڭ رەسمىي قۇرۇلغانلىقى ئېلان قىلىنغان.



«شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دۆلەتلىك ھۆكۈمەت رەھبەرلىرى، باش مىنىستىر ۋە بەزى مىنىستىرلار.(1)

---

(1) مۇھەمەد ئىمىن بۇغرا، «شەرقىي تۈركىستان تارىخى»، ئوفسەت مەتبەئەچىلىك نەشرىياتى، ئەنقەرە 1987 ـ يىلى 1 ـ نەشرى، 595 ـ بەت.




1933 - يىلى قەشقەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دۆلىتىنىڭ غايىسى، ئاساسى ۋە پرىنسىپلىرى، مىنىستىرلارنىڭ ئارقىسىدىكى رامكا ئىچىدىكى ئايەتلەر، گېرب ۋە شۇئارلاردا قىسقىچە يىغىنچاقلانغان.

## بۇلارنىڭ ئىزاھاتى[1]

بىرىنچى ۋە ئىككىنچى رامكىدىكى ئايەتنىڭ مەنىسى: «شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا، كىشىلەر ئارىسىدا ھۆكۈم قىلغاندا ئادىل ھۆكۈم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئاللاھ سىلەرگە نەسىھەت قىلغان ئىشلار نېمىدېگەن ياخشى. ئاللاھ ھەقىقەتەن (سۆزۈڭلارنى) ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر.» (نىسا سۈرىسى 58 ـ ئايەت).

بۇ ئايەت، ئىسلام ئىدارىچىلىك قانۇنىنىڭ «دۆلەتنى باشقۇرۇشتىكى لاياقەت ۋە ئادالەت» پىرىنسىپىنى بايان قىلىدۇ.

ئىككى رامكىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى دۆلەت گېربىنىڭ مەنىسى:

ئىككى تەرەپتىكى بىر ـ بىرىگە باغلانغان توققۇزدىن جەمئىي 18 ئۇنچە، تارىختىكى ئۇيغۇر ۋە ئوغۇز تۈرك قەبىلىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. يەنى تۈرك ۋە تۇران بىرلىكى غايىسى. ئۈست قىسمىدىكى ئۈچ دانە يۇلتۇز، دۆلەتنى قۇرغۇچى ئاساسلىق خەلق بولغان ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىزلارغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئوتتۇرىدىكى ئاي ھۆرلۈك ۋە

[1] شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ گېربى ۋە شوئارى توغرىسىدىكى ئىزاھات، ۋەتەن ئىچىدىكى مەشھۇر سىياسىيون ئالىملاردىن ۋە چەتئەلدىكى بارات ھاجىم ۋە ئابدۇقادىر ھاجىم ياپچان قاتارلىق سىياسىي رەھبەرلەرنىڭ كۆرۈشلىرى ۋە تارىخىي رېئاللىق ئاساس قىلىندى.


مۇستەقىللىقنى، ئىچىدىكى «بىسمىللاھ» دېگەن كەلىمە، شەرقىي تۈركىستان ئاساسلىق خەلقىنىڭ دىنىنىڭ ئىسلام ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ (بەزىلەر، ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى خەتنى «بىسمىللاھ» ئەمەس، «ئەلمۇلكۇ لىللاھ (پادىشاھلىق ئاللاھقا خاستۇر)» دېگەن خەت ئىدى، دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ، بىراق ھازىرغىچە بۇ قاراش ئوتتۇرىغا قويۇلغان بىرەر يازما مەلۇمات تېپىلمىدى).

ئوتتۇرىدىكى رامكىنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى شوئار: ئىسلامىيەت، ئازادىيەت (ئازادلىق). سول تەرىپىدىكى شوئار: ئادالەت، ئۇخۇۋۋەت (قېرىنداشلىق).

ئوتتۇرا رامكىدىكى ئايەتنىڭ مەنىسى: «ئاللاھ ھەقىقەتەن (كىشىلەر ئارىسىدا) ئادىل بولۇشقا، (جىمى خەلققە) ياخشىلىق قىلىشقا، خىش - ئەقرىبالارغا سىلە - رەھىم قىلىشقا بۇيرۇيدۇ، قەبىھ سۆزلەردىن، يامان ئىشلاردىن ۋە زۇلۇم قىلىشتىن توسىدۇ. نەسىھەتنى قوبۇل قىلسۇن دەپ، ئاللاھ سىلەرگە پەند - نەسىھەت قىلىدۇ» (نەھل سۈرىسى 90 - ئايەت).

بۇ ئايەت ئارقىلىق دۆلەتنىڭ پۇقرالار ئارىسىدىكى مەسئۇلىيىتى، شۇنداقلا دىنداش، قېرىنداش ۋە بارلىق ئىنسانلارغا تۇتىدىغان پوزىتسىيەسى بايان قىلىنغان.

رامكىنىڭ تۆۋەن قىسمىدىكى شوئارلار: ياشىسۇن بۈيۈك ۋەتىنىمىز تۈركىستان ئازادلىقى، قۇتلۇق بولسۇن ئىسلام ھاكىمىيىتى.




*1933 - يىلى قەشقەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دۆلىتىنىڭ بايرىقى[1].*

بايراقنىڭ يۇقىرى قىسمىدىكى مىسرا:

بىزنىڭ بايرىقىمىز رەڭگىدە ئاسمانمۇ تون كىيىپتۇ.

بايراقنىڭ تۆۋەن قىسمىدىكى مىسرا:

بايرىقىمىز كۆك بايراق ئوردىمىز ئالتۇن ئوردۇ،

تۈركىستان تۈركنىڭ يۇرتى تۈركنىڭ ئولاجاق (بولىدۇ).

[1] مۇسا تۈركىستانىي، «شەرقىي تۈركىستان پاجىئەسى»، سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى، ئىستانبۇل 2008- يىلى 1- نەشرى، 115- بەت.




*1933 - يىلى قەشقەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دۆلىتىنىڭ رەئىسى جۇمھۇرى خوجىنىياز ھاجىم[1]. خوجىنىياز ھاجىمنىڭ رەسىمىنىڭ ئارقا تەرەپ يۇقىرى قىسمىغا ئىككى دانە كۆك بايراق ئېسىلغان.*

[1] مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، «شەرقىي تۈركىستان تارىخى»، ئوفسەت مەتبەئەچىلىك نەشرىياتى، ئەنقەرە 1987 - يىلى 1 - نەشرى، 528 - بەت.



*1933 - يىلى قەشقەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دۆلىتىنىڭ باش مىنىستىرى سابىت داموللام[1].*

[1] يالقۇن روزى، «ئۇيغۇنىۋاتقان ئەجداد روھى»، شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى، ئۈرۈمچى 2013 - يىلى 1 - نەشرى، 377 - بەت.




1933 - يىلى قەشقەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دۆلىتىنىڭ پاسپورتى[1].

[1] مۇھەمەد ئىمىن بۇغرا، «شەرقىي تۈركىستان تارىخى»، ئوفسەت مەتبەئەچىلىك نەشرىياتى، ئەنقەرە 1987 - يىلى 1 - نەشرى، 600 - بەت.

**ئىزاھات:**

بۇ پاسپورت ئۇيغۇر ۋە ئىنگلىز تىلىدا بىر بەتلىك ھالەتتە چىقىرىلغان بولۇپ، ئوڭ تەرەپ يۇقىرى قىسمىدا پاسپورت ئىگىسىنىڭ رەسىمى چاپلىنىپ، ئۈستىگە رۇس تىلىدا تامغا بېسىلغان. يېنىدىكى پىلاكتىكا (پىلاكات) شەكىللىك كۆزنەكتە «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەت ئالىي ئىسلامىيەسى»، ئاستىدىكى كۆزنەكتە «رەئىسى جۇمھۇر ھەزرەتلىرىنىڭ نامى ئالىيسى بىلەن» دېگەن خەت يېزىلغان. يېنىدا دۆلەت گېربى يەر ئالغان. ئۇنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە «يول خەت»، يېنىدا ئىنگلىزچە «پاسپورت نومۇرى» دەپ يېزىلغان. پاسپورتنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا جەدۋەل بار بولۇپ، ئىچىگە ئۇيغۇرچە ۋە ئىنگلىزچە پاسپورت ئىگىسىنىڭ سالاھىيىتى ھەققىدىكى ئۇچۇرلار بېرىلگەن.

سۈپىتى دېگەن كاتەكچىگە:

«ئىسمى: ئابدۇرەھىم

ئاتىسىنىڭ نامى: كەرىم باي ھاجى

جايى: قەشقەر

ھۈنىرى: تىجارەت

تۇغۇلغان جايى: قەشقەر

تابىئىيتى (دۆلەت تەۋەلىكى): تۈركىستان ھۆكۈمەتى

ئىسلامى (ئىسلام ھۆكۈمىتى)

بارىدىغان جايى: ھىندىستاندۇر. تاشقورغان بىلەن» دەپ يېزىلغان.

چېھرى كاتەكچىسىگە:

«يېشى: قىرىق سەككىز

بوي قامىتى: ميانه

كۆزى: قارا

ساقال - بۇرۇت: كەم رىش

ئايرىم ئالامىتى:..................» دەپ يېزىلغان.

يېنىدىكى كاتەكچىگە يۇقىرىقى مەلۇماتلارنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسى بېرىلگەن بولۇپ، ئوخشىمايدىغان يېرى ئوتتۇرىسىدا ماركىغا ئوخشاش بىر نەرسە ئۇرۇن ئالغان ۋە ۋاقتى يېزىلغان. بەلكىم ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەردە تۇرۇشلۇق بىرەر دۆلەتنىڭ ئەلچىلىكى تەرىپىدىن بېرىلگەن ۋىزا بولۇشى مۇمكىن.

كاتەكچىنىڭ تۆۋەن قىسمىدا يەنە ئۇيغۇرچە ۋە ئىنگلىزچە پاسپورتنىڭ خاراكتېرى، ئىگىسىنىڭ ھوقۇقى، باشقا دۆلەتلەر تەرىپىدىن ھمايە قىلىنىشى، تارقىتىلغان ۋاقىت، تارقاتقۇچى ئورۇن، تارقاتقۇچىنىڭ ئىسىم - فامىلىسى، ئۇنۋانى ، ئىمزاسى ۋە تامغىسى ئورۇن ئالغان ۋە «ئۇشبۇ يول خەتتىن مەقسەت، يول يۈرۈركەن شۇ ھۆججەتنى تۇتۇپ كۆرسەتكەن كىشىگە يول ئۈستىدە، خاھى ئىستىقامەت قىلىپ تۇرۇۋاتقان جايدا شەرقىي

تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ مۇتتەھىد (ئىتتىپاقداش) ۋە دوست ھۆكۈمەتلىرىنىڭ مۈلكىيە ۋە ئەسكىرى مەنسەپدارلىرى تەرىپىدىن ھىپز (مۇھاپىزەت) ۋە ھىمايە بولىدۇ». يىل 1352 ـ ھىجرىيە رەجەب ئېيىنىڭ 9 ـ كۈنىدە (1933 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى).

قەشقەردىكى ئىستىقلال مەھكىمىسىنىڭ رەئىسىنىڭ ئىمزاسى: ھاجى سابىت (رەسمىي تامغا)

بۇ پاسپورتنىڭ ئەڭ ئاستىدا ئاگاھلاندۇرۇلۇپ: «ئۇشبۇ يول خەتنى ئىگىسىدىن باشقىسى ئىشلەتسە جاۋابكار بولىدۇ» دەپ يېزىلغان.

## داخىلى (ئىچكى) خەۋەر

«مەملىكەتنىڭ شەرقىي تەرىپىدە بىر مۇنچە تۇڭگان پىرقىلىرىدىن (ئەسكەرلىرى) باشسىزلىق قىلغانلارغا، ئالىي سەردارىمىز خوجىنىياز ھاجىم ھەزرەتلىرىنىڭ بۇنى باستۇرۇش ئۈچۈن ئالغان تەدبىر ۋە ھەرىكەتلىرى گېزىتىمىزنىڭ بۇرۇنقى سانىدا خەۋەر بولۇپ يېزىلغان ئىدى. كېيىنكى مەلۇماتلارغا ئاساسلانغاندا، بۇ تۇڭگانلارنىڭ ھەرىكەتلىرى تولۇق باستۇرۇلۇپ، ئاخىرىدا تۇڭگانلاردىن ئۆزلۈر ۋە تۆۋىلەر ئېلىنىپ، تۇڭگانلارنىڭ ۋەكىللىرى كېلىپ تەكرار - تەكرار قەسەم ئىچىپ غازى ھاجىم ھەزرەتلىرىنىڭ بارلىق ھوقۇقىغا بوي سۇنۇپ ۋە تەستىقلاپ ئەھد بەردىلەر. بۇنىڭغا ئاساسەن، غازى ھاجىم تەرىپىدىن ئەسكەرلەرگە پەرمان بېرىلىپ، بۇ تۇڭگانلارغا دەخلى قىلماي ئېغىر بۇلاقتىن ئۆتكۈزۈۋېتىشكە بۇيرۇق بولغان.»

*مىلادى 1933 - يىلى 11 - ئاينىڭ 15 - كۈنىدىكى «ئەركىن تۈركىستان» گېزىتىنىڭ 13 - سانىغا بېسىلغان خەۋەر.*

## ئالىملىرىمىز نەدە

«ھەر مىللەتنىڭ ئوقۇغان - بىلگەن ئەفرادى (كىشىلىرى) مەملىكەتنىڭ دىنىي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي ئىشلىرىدا رەھبەر ۋە يولباشچىلاردۇر. خەلق ھەر زامان ئۆلىمالارنىڭ ئارقىسىدا، ئۇلارنىڭ ئېيتقان سۆزلىرى ۋە سىزغان سىزىقلىرى بىلەن يۈرىدۇ. ئاللاھنىڭ ئەمرى ۋە رازىلىقىمۇ ھەقىقىي ئىلىم ۋە ساپ ۋىجدان ساداسى بولغان ئەھلى - ئىلىمنى ھەر زامان ئىنسانلارغا خەيرخاھلىق، ئۆز مىللىتىگە شەپقەت ۋە رەھىمدىللىك قىلىشقا دەۋەت قىلىدۇ.

ئۆلىما - «ۋەرەسەتۇلئەنبىيادۇر»، پەيغەمبەرگە ۋارىستۇر، ئۇلارغا مال - دۇنيا مىراس قالمىغان، ئىلىم مىراس قالغان. يەنى مىللەتنىڭ ئۆلىماسى پەيغەمبەر تەرىپىدىن كۆرسىتىلگەن دىن ۋە دۇنيا يوللىرىنى خالايىققا كۆرسىتىپ، بايان قىلىشۇنلار. نەچچە ئايدىن بېرى مەملىكەتتە ئىنقىلاب بولۇپ، كاتتا ھادىسىلەر يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتىدۇ. يۇرت، مىللەت مۇھىم دەۋر ۋە نازۇك تارىخلەر (جەريانلارنى) كەچۈرمەكتە. خەلق شاشقىن (تېڭىرقاش) ۋە ھەيرانلىق ئىچىدە رەھبەرلىرىگە مۇنتەزىر (تەشنا). خەلقنى دىن ۋە دۇنيا ئىشلىرىدا ياخشى يوللارغا باشلاپ، بەخت - سائادەتكە

ئېلىپ چىققۇچى ئالىملىرىمىز ھازىر نەدىدۇر، ھازىر قىلمىغان رەھمەدىللىكلىرىنى قاچان قىلىدۇ. مىللەتنىڭ، ئاللاھنىڭ ئەمرى ۋە ئۆلىمالىرىمىز دەپ ھۆرمەت ۋە ئىززەت قىلغان خەيرىخاھلىقىغا يارىشا ھەرىكەت ۋە رەھبەرلىك قىلىش ئەڭ ئەۋۋەل ئۆلىمالىرىمىزنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. ئۈچ - تۆت كىشىگە نەھۋى (گىرامماتىكا)، فىقھ ۋە مەنتىق (لوگىكا) دەرسى بېرىش بىلەن گەدەندىكى ۋەزىپە ئادا بولمايدۇ. پەيغەمبەر ۋارىسلىرىنىڭ پەيغەمبەرگە ئەگىشىپ، ئومۇمىي مۇسۇلمانلارغا رەھبەرلىك قىلىشى زۆرۈردۇر. ئۆلىمالىرىمىز ئوقۇغان كىتابلاردا يالغۇز تاھارەت، ناماز ۋە روزا مەسىلىرىلا يوق. بەلكى مۇسۇلمانلار ھەر دەۋردە ھەمپىكىر بولغان ۋە مىللەتنىڭ پايدا - زىيىنىنى كۆزدە تۇتۇپ ھەرىكەت قىلىشى زۆرۈر بولغان سىيەر (پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىش - ئىزلىرى)، جىھادنىڭ قائىدە ۋە ھۆكۈملىرى، ھەق - ھوقۇق ۋە جازا قانۇنلىرى، ئەدەب - ئەخلاق ۋە پەزىلەت تەلىملىرى، ھالال - ھارام ئەندىزىلىرى كەبى كۆپلىگەن مەسىلىلەرمۇ بار. مۇشۇنداق تۇرۇقلۇق ئۆلىمالىرىمىزنىڭ سۈكۈت ۋە ھەرىكەتسىزلىكلىرى ھەيران قالارلىق ئاجايىباتلاردىندۇر. مەملىكەتتە يۈز بېرىپ تۇرۇۋاتقان ئۇرۇش - ماجىرالارنى، قورال - ياراغسىز مۇسۇلمان خەلققە بولۇۋاتقان زۇلۇم - دەھشەتلەرنى، خەلقنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئىزىلىپ يۇرتنىڭ قورقۇنچ ھالەتكە چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، بۇنىڭدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن مۇسۇلمانلارغا پېشىۋا ۋە

مۇرشىد (يېتەكچى) بولىدىغان ئەھلى ئىلىم نېمە ئۈچۈن ھىممەت قىلىپ، شەرىئەتنىڭ ئەھكامىنى ئوچۇق بايان قىلىش بىلەن چارە - تەدبىر تاپمايدۇ؟ نېمىشقا ئۆيلىرىدە ئولتۇرۇپ يالغۇز - يالغۇز «ئاھ، ۋاھ» دەپ خامۇش يۈرىدۇ؟ مۇسۇلمانلارنىڭ بېشىدىكى خەتەرلىك ئەھۋالدىن، غەم - ئەندىشە ۋە قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، بۇ پىشۋا ئالىملىرىمىز ئۈممەت ۋە خەلقنىڭ ئالدىغا - مەيدانغا چىقىپ تۇپلىشىپ، ئەھۋالىمىزنى بايان قىلىش بىلەن بارلىق ئەسكەر ۋە خەلقىمىزگە قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ ھۆكۈملىرىنى يەتكۈزۈپ، قۇتۇلۇش ۋە نىجاتلىق يوللىرىنى چۈشەندۈرگەن بولسا ئىدى، نۇرغۇن پايدىسى بولاتتى. ئەگەر پەرەزەن پايدىسى بولمىغان تەقدىردىمۇ، زىممىلىرىدىكى ئىلمىي ۋەزىپىلىرىنى ئادا قىلغان بولاتتى. بۇ نېمە دېگەن سۈكۈت قىلىش، نېمە دېگەن ئاجىزلىق ۋە نېمە دېگەن مىسكىنلىق (بىچارىلىك)! پەقەتلا سەھىھۇلبۇخارىنى قىرائەت ۋە خەتىم قىلىش بىلەن ئىش تۈگىمەيدۇ. پەيغەمبىرىمىز «تەلەپ قىل، سەۋەب قىل» دېگەن. پەيغەمبىرىمىز ھەدىس ۋە ئەھكاملارنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە، چوڭ ئۇرۇش ۋە مۇھىم ۋەقەلەردە ئۆزى ھازىر بولۇپ، چارە - تەدبىر ئىشلىرىغا ئۆزى قول تىقاتتى. ئەگەر ھەممە ئىش يالغۇز دۇئا ۋە قىرائەت بىلەن بولغان بولسا ئىدى، ھەزرىتى پەيغەمبەرنىڭ دۇئاسى بىزنىڭكىدىن بەكرەك ئىجابەت بولۇشقا يېقىن ئەمەسمىدى؟...

ئۇنىڭ ئۈچۈن يۇرتىمىزدىكى بارلىق ئۆلىما ۋە سۇلەھا (سالىھ كىشىلەر) لارغا ئاللاھ رىزاسى ئۈچۈن ئىلتىجا قىلىمىزكى، بۇ مۇھىم كۈنلەردە بولسا، ھەر كۈن بىر مەھەللىدە يىغىن قىلىپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتىنى مۇزاكىرە قىلىش ئارقىلىق ئەھۋالىمىزنىڭ ياخشى ھالەتكە كىرىپ، مەملىكەتتە تىنچلىق ۋە ئاسايىشنىڭ يەرلىشىشى ئۈچۈن شەرىئەتنىڭ ئىستىسناسىز (تولۇق) بارلىق ھۆكۈملىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىشىنىڭ لازىملىقى ھەققىدە سۆز قىلسۇن ۋە بۇ ھۆكۈملەرنىڭ ئىجرا قىلىنىشى توغرىسىدا چارە - تەدبىرلەرنى تېپىپ، مەيلى ئەسكەر مەيلى پۇقرا بولسۇن، ھەممە مۇسۇلمانلارغا ئىسلام دىنىنىڭ كەسكىن ھۆكۈملىرىنى بايان ۋە تەبلىغ قىلسۇن. ئەمدى بۇلارنى كېچىكتۈرۈشنىڭ جائىز ئەمەسلىكىنى دېسۇن. ئەگەر مۇسۇلمانلار تۇرغان (قوزغالغان) مۇشۇنداق نازۇك دەۋرلەردە ئۆلىمالار سۈكۈت قىلىش يولىنى تاللىسا، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە زىممىلىرىدىكى مەسئۇلىيەت بەك ئېغىر.»

*ميلادى 1933 - يىلى 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىكى «ئەركىن تۈركىستان» گېزىتىنىڭ 14 - سانىغا بېسىلغان ماقالە.*

## ئىچكى ئەھۋال (رەسمىي مەلۇمات)

«كۇچا ۋە كورلا تەرەپتە جانابى غازى ئەزەم سەردار ئەلا خوجىنىياز ھاجىم ئەسكەرلىرىدىن مىر ئالاي مەھمۇد غازى قوماندانلىقىدىكى ئەسكەرلەر، تاجاۋۇزچى تۇڭگانلارنى پۈتۈنلەي پەرىشان قىلغانلىقتىن دۇڭخاڭ ۋە باشقا تەرەپكە تارقىلىپ كەتتى. ھازىر قوماندان مەھمۇد غازى كۇچا ۋە كورلا تەرەپلەردە مۇقىملىقنى تولۇق يەرلەشتۈرۈپ، ياخشى تۇتۇپ تۇرۇۋاتىدۇ. قاراشەھەردە جانابى غازى ئەزەم ھەزرەتلىرىگە تولۇق ئىتائەت قىلىپ، شەرقىي تۈركىستان خەلق ئازاتلىقىنىڭ ئىتتىپاق جۇمھۇرىيىتىگە داخىل بولغان موڭغۇللار بىلەن يەرلىك تۈرك مىللىتى باراۋەر خىزمەت قىلىپ، يۇرتنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرماقتا. مۇشۇ يېقىنلاردا قاراشەھەر موڭغۇللىرىنىڭ باشلىقىدىن غازى ھاجىم ھۇزۇرلىرىغا بەش نەپەر موڭغۇل مۇرەخخەس (قانۇنلۇق) ۋەكىللىرى ئەللىك كاتتا ئات ۋە باشقا ھەرخىل تارتۇق ۋە ھەدىيەلەر بىلەن كېلىپ، موڭغۇللارنىڭ ئىتائەت ۋە ساداقىتىنى تەكىتلىدىلەر. ئۈرۈمچىدىن ۋەكىل سۈپىتىدە تېمۇر يىگفۇ ۋە ئىسھاق قارى بىلەن، قەشقەرلىك زەرگەر غوپۇر ھاجىم، تېمۇر ئاخۇن باي ۋە ئىبراھىم ئاخۇن باشلىق كىشىلەر قالمىقىستاندىن ئۆتۈپ، رەئىسى جۇمھۇر

غازى ئەزەم ھەزرەتلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا كەلدىلەر. ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى بۇلاردىن سوۋغات تەرىقىدە نەچچە تۈمەن ئوق ۋە باشقا نۇرغۇن ھەدىيەلەر بىلەن سۈلھىنى تەكىتلەپ تەھرىرات (مەكتۇپ) يوللىغان.

ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ھۆكۈمەت باشلىقى غازى شەرىپخان ۋە غازى ئەلاخان ئوردىلىرى چۆچەكنى تولۇق ئالغاندىن كېيىن، تەكرار ھۇجۇم باشلاپ شىخونى ئازاد قىلغان. رەجەب ئېيىنىڭ 19 - كۈنى غازى ئەزەم رەئىسى جۇمھۇر ھەزرەتلىرىنىڭ ھۇزۇرىغا غازى شەرىپخان تەرىپىدىن بىر ھەيئەتى مۇرەخخەس (قانۇنلۇق ھەيئەت) كېلىپ، شەرىپخان ۋە ئەلاخان تەشكىلاتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلق جۇمھۇرىيىتىگە كامال (تولۇق) ئىتتىپاق ئىتائەتلىرىنى بىلدۈردىلەر. ئىنشائاللاھ جانابى ھەق تائالانىڭ شەرقىي تۈركىستان ئازادلىق سائادىتىگە تەئەللۇق بۇ ئىرادىسى شۈبھىسىز بولۇپ، بۇ مەزلۇم مىللەت دۇنيادا سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ئەھۋاللاردا ئىنسان ھەق - ھوقۇق ۋە مىللىي ئىززەت - نومۇسىغا مالىك (ئىگە) بولۇپ ياشارلار.»

*مىلادى 1933 - يىلى 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىكى «ئەركىن تۈركىستان» گېزىتىنىڭ 14 - سانىغا بېسىلغان خەۋەر.*


## مەملىكەتتە پۇل مەسىلىسى

«بىر نەچچە ئايدىن بېرى يۇرتتا يۈز بېرىۋاتقان ئىنقىلاب ۋە مىللىي كۈرەشلەر سەۋەبلىك، مەملىكەتنىڭ مالىيە ئىشلىرىدا تەبىئىي رەۋىشتە تۇرغۇنلۇق پەيدا بولۇش بىلەن، خەلقىمىزنىڭ مۇئامىلات (سودا سېتىق) ئىشلىرىغا لازىم بولغان پۇل ئېھتىياجى كۆپىيىپ كەتتى. بۇنىڭدىن باشقا ئەسكەرلىرىمىزنىڭ ئېھتىياجلىرى پۇل كىرىزىسى سەۋەبىدىن قىيىن ئەھۋالدا تۇرماقتا. ئۇنىڭ ئۈچۈن، سەردارى ئالىي غازى ئەزەم خوجىنىياز ھاجىم ھەزرەتلىرىنىڭ رۇخسەتلىرى بىلەن ھۆكۈمەت تەرىپىدىن ئەھلى ھەل ۋەلئەقد (مىنىستىر ۋە پارلامېنت ئەزالىرى) ھەممىسىنىڭ رەئيى (پىكىر) ۋە مەسلىھەتى بىلەن بىر مىقدار بەش مىسقاللىق ۋە بىر سەرلىك قەغەز پۇللارنى چىقىرىش ئۈچۈن ئېلىنغان قارارغا بىنائەن، بۇ قەغەز پۇللار چىقىرىلدى. بۇ پۇل مەملىكەتنىڭ پايدا - زىيىنىغا ھېچ ئەھمىيەت بەرمەستىن، ئۆز شەخسىي مەنپەئەتىگىلا قاراپ بېسىپ چىقارغان كۆھنە (كونا) ھۆكۈمەت ۋاقتىدىكى زۇلۇكسىز (ئەرزىمەس)، ئىستىنادگاھى (تايانچى) يوق پۇللارغا قىياس قىلىنماس. چۈنكى بۇ يەرلىك پۇلغا پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندىكى پادىشاھلىق (دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى)

زېمىنلار، ئىمارەتلەر ۋە دۇكانلار گۆرۈگە قويۇلدى. بۇ يېڭى پۇل پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان ۋىلايەتلىرىدە كاتتا ئېتىبار بىلەن ئۆتكەنىنىڭ سىرتىدا، خارىج (چەتئەل) دىمۇ مۇتىبەر (كۈچكە ئىگە) بولدۇ. چۈنكى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ھوقۇقلۇق ۋەتىنى ۋە ھۆكۈمىتى بۇ پۇلغا ئىگىدۇر. پادىشاھلىق (دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى) زېمىن ۋە ئىمارەتلەر بۇ پۇلغا ئىستىنادگاھ (تايانچ) بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ پۇلغا مۇقابىل (نىڭ ئورنىغا) مەملىكەتتىكى ئالتۇن ۋە كۈمۈشلەرنى چەتئەلگە ئېلىپ چىقماق قەتئىي مەنئى قىلىندى. نەتىجىدە بىر سەر قەغەز پۇل بىر سەر كۈمۈش بولۇپ، ئۆز جايىدا بولۇشى مەلۇم. ئۇنىڭ ئۈچۈن ،بۇ ئىسلام ئىدارىسىنىڭ چىقارغان پۇلنى ئومۇم ئاھالى كامال ئېتىبار بىلەن ئىشلىتىشى زۆرۈردۇر.»

*مىلادى 1933 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىكى «ئەركىن تۈركىستان» گېزىتىنىڭ 14 ـ سانىغا بېسىلغان خەۋەر.*

# 1933 - يىلى چىقىرىلغان بىر قىسىم پۇللارنىڭ رەسىملىرى




*1933 - يىلى قەشقەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دۆلىتى تەرىپىدىن باستۇرۇلغان 1 سەرلىك قەغەز پۇل[1].*

[1] «شىنجاڭ پۇللىرى» رەسىملىك توپلىمىنى تۈزۈش ھەيئىتى: «شىنجاڭ پۇللىرى»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى 1993 - يىلى 1 - نەشرى، 152 - بەت.



*1933 - يىلى قەشقەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دۆلىتى تەرىپىدىن باستۇرۇلغان 1 مىسقاللىق كۈمۈش ۋە مىس پۇل*[1].

[1] «شىنجاڭ پۇللىرى» رەسىملىك توپلىمىنى تۈزۈش ھەيئىتى: «شىنجاڭ پۇللىرى»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى 1993 - يىلى 1 - نەشرى، 153 - بەت.

## تەيىن

«ھەربىي ۋازارىتى (مىنىستىرلىقى) نىڭ باش مۇئاۋىنلىقىغا قەھرىمانلىرىمىزدىن ئابدۇلخالىق قانىسىد تەيىنلەندى. ھەربىي ۋازارىتىنىڭ لاۋازىمات (ئەسلىھە) مۇئاۋىنلىقىغا خوتەن ئوردىسىنىڭ باشلىقى سۇلتان بەگ قويۇلدى. مەركىزىي قوماندانىغا مۇئاۋىن بولۇپ قۇدرەتۇللاھخان تۆرەم تەيىن قىلىندى.»

مىلادى *1933* ـ يىلى *11* ـ ئاينىڭ *22* ـ كۈنىدىكى «ئەركىن تۈركىستان» گېزىتىنىڭ *14* ـ سانىغا بېسىلغان خەۋەر.

## مۇھىم قارار

«ۋەكىللەر ھەيئىتىنىڭ ئىتتىپاق قارارلىرىغا بىنائەن بارلىق ئەسكەرلەرنىڭ تەمىناتى ھەربىي (ئىشلار) نازارىتى ئارقىلىق خەزىنىدىن بېرىلىشكە تەيىن قىلىنىپ، پۇقرالاردىن ئۆشۈر ۋە زاكاتتىن باشقا بىر نەرسە ئېلىنماسلىق توختام قىلىنغان.»

*مىلادى 1933 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىكى «ئەركىن تۈركىستان» گېزىتىنىڭ 14 ـ سانىغا بېسىلغان خەۋەر.*

# ئېلان

«شەرقىي تۈركىستان ھۆكۈمەتى ئىسلامىنىڭ ھەربىي ۋازارىتى (مىنىستىرلىقى) تەرىپىدىن بىلدۈرىلىدۈركى، ئەس-كەرلەرنىڭ تەمىناتى ئۈچۈن بىدە - سامانلار نەق پۇلغا سېتىپ ئېلىنىدۇ. بىدە - سامانلىرى بار پۇقرالار پۇلغا سېتىشنى خالىسا، ئىدارىمىزگە مۇراجىئەت قىلسۇنلار. قانچە پۇل بولسا، دەرھال خەزىنىدىن تامامى پۇللىرى تەخىرسىز ئادا قىلىنىدۇ، دەپ:

ھەربىيە نازارىتى»

*مىلادى 1933 - يىلى 11 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىكى «ئەركىن تۈركىستان» گېزىتىنىڭ 14 - سانىغا بېسىلغان خەۋەر.*

# يا ئىتتىپاق يا خاراب

«دۇنيا تارىخىدا ھەر قانداق مىللەتنىڭ بەخت - سائادىتى ئومۇمىي ئىتتىپاقنىڭ مەيدانغا كېلىشى بىلەن باشلىنىدۇ. بىر قەۋمنىڭ خارىجى (تاشقى) تاجاۋۇز ۋە ھەقسىز تەئەررۇز (ھۇجۇم) لىرىدىن ساقلانماق ئۈچۈن بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىق قەلئەسىدىن كۈچلۈك بىر پاناگاھى ۋە ئىستىھكامى بولماس. بىر مەملىكەتتە ھەرقانچە مۇداپىئە ئەسۋابلىرى، كاتتا توپلىرى، جەھەننەم ماشىنىلىرى ۋە ئاسمانغا تاقاشقۇدەك قەلئە ۋە ئىستىھكاملىرى مۇكەممەل بولغاندىمۇ، ئومۇم مىللەت ئارىسىدا ئىتتىپاقسىزلىق بولغاندا، بۇ مۇداپىئە ئەسۋابلىرى بىكاردۇر، ھېچ ئىشقا يارىماس. ئىنسانلار جامائەتىنىڭ شىرازا ۋە باغلىرى تۆتتۇر:

- *دىن بىرلىكى*
- *تىل ۋە نەسل بىرلىكى*
- *ۋەتەن بىرلىكى*
- *دەرد مەسلەك (دەردى ئوخشاشلىق) بىرلىكىدۇر.*

بىز شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىدە ياشىغۇچى خەلقنىڭ

يۈزدە توقسىنى مۇسۇلماندۇرمىز. دىن ۋە مەزھىپىمىز بىر. نەسىل ۋە ئۇرۇق جەھەتتىن بىر تۈرك بالىلىرىمىز، تىلىمىز بىر تۈركچىدۇر. مۇشتەرەك (ئورتاق) ۋەتىنىمىز تۈرك ئەللىرى ياشايدىغان شەرقىي تۈركىستاندۇر. بىردۇر مەسلەك ۋە دەردلىرىمىز. ناھەق زۇلۇم ۋە ئىستىلادىن قۇتۇلۇپ، ئۆز ۋەتىنىمىزگە ئۆزىمىز ئىگىدارچىلىق قىلىپ، ئۇنى تەمىر قىلىشتۇر. يەنە بىردۇر شەرقىي تۈركىستاندا ياشاۋاتقان موڭغۇللار، (ئۇلار) نەسىل جەھەتتىن تۈرك ئۇرۇقلىرىغا يېقىندۇر. بۇلارنىڭ بىزگە ئۈچ سەۋەب بىلەن ئىتتىپاق قىلىشى ئۈچۈن مۇناسىۋەتلىرى ئاشكارىدۇر. (يۇقىرىدىكى) شۇ تۆت سەۋەبنىڭ ھەر بىرى ئالاھىدە ئىتتىپاقىمىزغا بىرەر مۇستەقىل ئىللەت (سەۋەب) بولۇشقا كاپى (يېتەرلىك) بولغانىكەن، بارچىسى مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇقلۇق يەنە بىزدە بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىق يوق بولسا، بۇنىڭغا نېمە دېمەك لازىم؟...

زالىم خۇد غەرەز ئەسكى ھۆكۈمەت (يامان نىيەتلىك زالىم كونا ھۆكۈمەت) بىزنىڭ ئىتتىپاقسىزلىقىمىزدىن پايدىلىنىپ، بۇ قەدەر ۋاقىت ھەممىمىزنى شەخسىي مەنپەئەتىگە ئىشەك قىلىپ ئىشلىتىپ، ھاقارەت ۋە ئاسارەت زەنجىرىگە باغلاپ تۇتالىغان ئىدى. مىللەتتە بىرلىك يوقالغانلىقتىن چەنتو دېگەن، ھايۋان (سىڭكو) دەپ ئۆزلىرى خالىغانچە ئىزىپ، قېنىمىزنى شوراپ، نېمە ئىشش قىلسا سوراقسىز ۋە ئېتىرازسىز غەيرى مەسئۇللۇق بىلەن ھەرىكەت قىلغان

ئىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا مىللەتتە پاھىش (ئېغىر) زۇلۇم ۋە ئىفرات (چەكتىن ئاشقان) دەرىجىسىدە ھاقارەتلەرگە قارشى ھەم دەردلىك ۋە قېرىنداشلىق تۇيغۇسى ئويغىنىپ، بارا - بارا ئەلنىڭ جانسىزلاشقان بەدەنلىرىگە ئىتتىپاق روھى كىرىپ، بىرلىك بىلەن ھوقۇق ۋە ئازادلىق تەلپىدە بىرنىڭ ئارقىسىدىن يەنە بىرى باشلىرىنى كۆتۈرگەندە، بىئىنايەتى ئىلاھىيە (ئاللاھنىڭ ياردىمى) مەملىكەت ئەكسەرىيەتلە (ئاساسەن) زۇلۇم ۋە قۇللۇقتىن قۇتۇلدى. چەتلەرنىڭ مەغرۇرانە ناھەق ئىستىلاسىنىڭ توقلەنتى گەردىنىمىزدىن ئۈزۈلدى. بىزنىڭ بۇ نىجاتلىق مۇھارىبەلەر (جەڭلەر) دىكى قورالىمىز شەرقىي تۈركىستانىنىڭ بىر ئۇچىدا بولغان بىرىمىزنىڭ، يەنە بىر ئۇچىدا باش كۆتەرگىنىمىزگە كۆڭلىمىزنىڭ چوڭقۇر يېرىدىكى ھەم دەردلىكىمىز نەتىجىسى بىلەن ۋە ئومۇمىي ئىتتىپاق بىلەن ۋۇجۇدقا چىققان ھەرىكىتىمىزدىن ئىبارەت بولدى. يوقسا (بولمىسا) بىزدە دۈشمەنىنىڭ توپ - تۈپەكلىرى (قورال - ياراغلىرى) گە قارشى قايسى ئەسۋاب - مۇداپىئەلىرىمىز بار ئىدى. مۇقەددەس جىھادىمىزدا كەسكىن يارىغىمىز ئومۇمىي ھەم دەردلىك بىلەن ئىتتىپاقىمىز ئىدى، بەس.

بىزلەر ئۇزۇن زامان ئىنسانىيەت ۋە مەرھەمەت پەزىلەتلىرىدىن مەھرۇم ۋەھشىيانە ئىدارە ئاستىدا ئېزىلىپ، ئەسىرلىك تەسىرى بىلەن قان تومۇرلىرىمىزغا ئورنىشىپ قالغان شەخسىيەتچىلىك ۋە تەپرىقچىلىك زەھەرلىرىنى

بىلگۈل (پۈتۈنلەي) ئومۇمىي قېرىنداشلىق داۋاسى بىلەن ۋۇجۇدىمىزدىن پاكلاپ چىقىرىپ تاشلاپ، بىر بەدەن بىر ئەزا بولۇپ، ھەقىقىي بىرلىك بىلەن ھوشىمىزنى بېشىمىزغا توپلاپ، جىددىي جەھەد (قاتتىق تىرىشچانلىق) قىلىپ تۇرمىساق ئاقىۋىتىمىزنىڭ ياخشى بولۇشى مۇمكىنمىدۇر؟

شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ زەرەر ۋە مەنپەئەتلىرى بىر نۇقتىدىدۇر. مەملىكەتنىڭ بىر پارچىسىغا بولغان پايدا - زەرەرنىڭ تەسىرى، باراۋەر پۈتۈن دۆلەتكە يېتىدۇ. ھەر شەھەر ۋىلايەتتە ئىش ۋە نوپۇزغا مالىك بولغانلىرىمىز كۆزىمىز يەتمەيدۇ دەپ، نوپۇزىمىز يەتكەنگە ئالدىنىپ، مەنمەنلىك، نەپسانىيەتچىلىك بىلەن ئوتتۇرىغا خەتەرلىك ئىتتىپاقسىزلىق ئۇرۇقىنى چاچماسلىقىمىزنى ھەممىمىزنىڭ ئومۇمىي مۇشتەرەك (ئورتاق) مەنپەئەتى تەقەززا قىلىدۇ. ئەگەر پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان مەملىكىتى بىر ئىتتىپاقتا بولالماي پارچە - پارچە تەۋائىفۇل مۇلۇك (كىچىك بەگلىكلەر) شەكلىگە كىرىپ كەتسە، بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزغا نىپاق، ئىختىلاپ ۋە شەخسىيەتچىلىك ئايرىتى توشۇپ، نەتىجىدە بىر - بىرىمىزنىڭ زىيىنىغا راغىب (ھەۋەسكار) بولۇپ، ئۆز ئايىغىمىزغا پالتا چېپىپ، ھەممىنىڭ بەربات بولۇشى بەك مۇمكىن. كېيىنكى پۇشايمان سۇد (پايدا) قىلماس. بىز ئىتتىپاق بولساق، ھېچ بىر يەردىن بىرگە زەرەر يۈزلىنەلمەس. ئىختىلاپ قىلساق ئارقىسىدىن دەرھال ئومۇمىي خارابلىق ۋە دەھشەتلىك پالاكەت ئەگىشىپلا

كېلىدۇ. بىرىمىزگە كەلگەن تەھلىكە يەنە بىرىمىزنى ئاياپ قويمايدۇ.

خۇلاسە، ئىش ئۇچۇق: يا ئومۇمىي ئىتتىپاق ياكى ئومۇمىي خاراب. ئىككىدىن بىرى بەس. بىزگە ئەگەر ۋەتىنىمىزنىڭ ئىككىنچى بىر قېتىم دەھشەتلىك ئاياغ ئاستى بولۇپ ئەۋۋەلقىدىن بەتتەر قۇللۇقتا ۋەيران ھەيرانلىقىدا قېلىش مەتلۇپ (ئارزۇ) بولمىسا، بىرلىك كېرەك. ئىتتىپاق يەرز، ھەم راست كۆڭۈل بىلەن (سەمىمىي) ئىتتىپاق.»

*مىلادى 1933 - يىلى 11 - ئاينىڭ 29 - كۈندىكى «ئەركىن تۈركىستان» گېزىتىنىڭ 15 - سانىغا بېسىلغان ماقالە.*

## ھازىرقى سىياسىي ھالىمىز

«شەرقىي تۈركىستانىنىڭ مەزلۇم مىللىتى تەرىپىدىن ھەققانىيەت ۋە ئادالەت تەلىپىدە باشلانغان ئىنقىلابى ھەرىكەت، جانابى ھەقنىڭ مەرھەمەت ۋە ئىنايىتى بىلەن مۇۋەپپىقىيەتكە ئۇچراپ ھەقنىڭ ناھەقچىلىك ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى نەتىجىسىدە مەغرۇر زالىم جىن شۇرىنىنىڭ ئۈرۈمچىدىن خارىج (تاشقىرى) گە قېچىپ چىقىپ كېتىشى بىلەن، ئۈرۈمچىدە تۈزۈلگەن لۇجۇشى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن غازى ئەزەم خوجا نىياز ھاجىم تەرەپكە ئەلچى چىقىپ، شەرقىي تۈركىستانىنىڭ مىللىي ئىستىقلالىنى تەستىقلاش بىلەن ئۆزلىرىگە تەگرىتاغلىرىنى ھۇدۇد (چېگرا) ۋە پاسىل بىلىش، ھۇدۇدلىرى داخىلىدە قالغان مۇسۇلمانلارغا ئازادلىق ھوقۇقى بېرىش كەبى بىر نەچچە شەرتلەر بىلەن مۇئاھىدە بولغان ئىدى. كېيىن نەنجىڭ جۇمھۇرىيىتى تەرىپىدىن ۋاكالەت بىلەن بىر نەچچە ۋەكىل كېلىپ بۇ ئەھدىنامىنى تەستىق ۋە تەكىت قىلدىلەر (تەستىقلاپ تەكىتلەشتى). غازى نىياز ھاجىم ھەزرەتلىرى رەئىس ۋە سەردارلىققا سايلاندى. كېيىن پىچان، تۇرپان ۋە قاراشەھەرلەردە تۇڭگانلار بىلەن خىلاپچىلىق (ئىختىلاپ) باشلىنىپ، بۇ سەركەشلىك ئىسيان نەتىجىلىرى كورلا ۋە كۇچالارغىچە تەسىر قىلىپ، ئاخىرى

بۇ ئىسيان غازى ھاجىم تەرىپىدىن پۈتۈنلەي باستۇرۇلۇپ، تۇڭگانلار قاراشەھەردىن ۋە نارى ئايغىربۇلاقتىن ئۆتكۈزۈپ ئېتىلدى (قوغلاندى). تۇڭگانلار تەرىپىدىن جانابى رەئىسى جۇمھۇرنىڭ ھەققى رىياسىتىنى (رەئىسلىك ھەققى) تەسلىم ۋە ئېتىراپ قىلىپ ئىتائەت ۋە تەستىقتە بولغانلار - خاھى تۇڭگان خاھى خىتاي كىم بولسا بولسۇن - ئادالەت ۋە ھەققانىيەت دائىرىسىدە شەرقىي تۈركىستان ۋەتەنداشلىقىغا قوبۇل قىلىندىلەر.

قاراشەھەر مۇڭغۇللىرى شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەت ئىتتىپاقىغا كىرىپ، سەردار ئەلامىز (خوجىنىياز ھاجىم) نىڭ ھۆكۈم - پەرمانلىرى ئاستىدا ۋەتەن خىزمىتىدەدۇرلار. ئالتاي ۋىلايىتىنىڭ ھۆكۈمەت باشلىقى غازى شەرىپخان ۋە مۇنەۋۋەر رەپىق (سەپداش) لىرى غازى ئەلاخان ۋە بۇرھان ئەپەندىلەر بىلەن چۆچەك ۋىلايىتىنى مەھەللە خەلقىنىڭ تەلىپى بىلەن زەبت (كونترول) قىلىپ، چۆچەككە مۇناسىۋەتلىك مىللەتپەرۋەر ئەرباب ۋە ھەمىيەتپەرۋەر كىشىلەرنىڭ مەشۋەرىتى (مەسلىھەتى) ۋە مۇئاۋىنىتى (ياردىمى) بىلەن مۇھىم بولغان شىخو شەھرىنى زەبتلىرىگە ئېلىپ، رەئىسىمىز خوجىنىياز ھاجىم جانابلىرىغا ئىتائەت ۋە خىزمەت ئەرز ئەتمەكتەدۇرلار. خوتەن ۋە ياركەنت ۋىلايەتلىرىدە مەھەللە خەلق ھاكىمىيىتى قول ئاستىدا مىللىي ئازادلىق تەمىن قىلىندى. قەشقەر ۋىلايىتىدە ئالىلقاچان ھاكىمىيەتى مىللىيە ئاساسى (مىللىي ھاكىمەتنىڭ ئاساسى) قۇرۇلغان ئىدى. سىياسىي خاتالار

سەۋەبلىك يېڭىشەھەر مەسىلىسى چىقىپ، بىر نەچچە ئايدىن بېرى تىنچسىزلىق، بىئاراملىق بولۇپ تۇردى. شەرقىي تۈركىستاندىكى كۆي (يېزا - قىشلاق) نىڭ تامامى دېيەرلىك مەملىكەتتە بىرلەشكەن خەلق ھاكىمىيىتى ئالدىدا - بۇ مەسىلە ئەگەر دىققەت ۋە ھىممەت سەرپ قىلىنسا - بەكلا جۇزئىي (كىچىك) بىر ئىش بولۇپ، ئەقىل ۋە ھوشنى باشقا توپلاپ، مۇناسىپ ھەرىكەت ۋە تەدبىر ئىشلەتكەندە، ئىنشائاللاھ ھەل بولۇپ كېتىشى يېقىن. پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندا ياشىغۇچى دىنى ۋە نەسلى بىر ھەممە قېرىنداشلىرىمىزنىڭ دەردى ۋە تىلىكى رەھىم ۋە شەپقەتسىز خۇد غەرەز (يامان غەرەزلىك) زالىم ئىدارىنىڭ تىرناقلىرى ئارىسىدىن خالاس بولۇپ، ھەق سارىھىمىز (روشەن ھەققىمىز) بولغان مىللىي ئازادلىقىمىزنى ئۆز قولىمىزغا ئېلىپ، مۇتەكەببىر زالىملار تەرىپىدىن ئېزىلگەن ۋە ھاقارەت ئېتىلگەن شۇ غېرىب ۋەتىنىمىزنى تەمىر ۋە ئىسلاھ قىلىش بىلەن، دۇنيادا ئىنسان قاتارىدا ياشىماقتۇر. پەقەت بۇ ئىسلاھ ۋە تەمىرنىڭ ئەڭ ئەۋۋەل كۆڭۈللىرىمىزنىڭ ئىسلاھى بىلەن باشلانمىقى لازىم. كۆڭۈللىرىمىز ئىسلاھ قىلىنىپ تۈزەلسە، ھەممە ئىشىمىز تۈزىلىپ كېتىدۇ. دىللاردىكى نەپسانىيەت، ھەسەت ۋە كىبىرۋازلىق پىتلىرى سىگدۈرۈلسە (بېسىقسا) پارچە مەملىكەتتىكى ناھەق ۋە يالغان پىتخانىلەر ئۆزلۈكىدىن يىمىرىلىپ تۈگەيدۇ. بىز شەرقىي تۈركىستان مىللىتى تارىختا بەك مۇھىم دەۋرلەر ئۆستىدىمىز.

ئىنسانىيەت ئالەمى ۋە ئىسلامىيەت دۇنياسىنىڭ كۆزلىرى بىزدە. بۇنداق زور ۋە ئەزىم مەسىلىلەر ئۈستىدە تۇرغان خەلقنىڭ ئەقىل - پىكىرلىرىمىزنى پەسقە (خاتا ۋە گۇناھ - مەسىيەت) قىلىپ نەزەر ۋە ھىممىتىمىزنى بەلەن نىشانلارغا قاراتماي، ئىككى كۆڭۈلۈك دەبدەبە ۋە پانى راھەتلەرگە ئالدىنىپ، مىللىي شەرەپ ۋە ئۇمۇمىي سائادەتلىرىمىزنى پىدا قىلىۋەتمەسلىكىمىزنى مەردلىك، ئىنسانلىق ۋە ئىسلاملىقنىڭ ئالىي مەقسىتى بىزدىن سورايدۇ.»

*مىلادى 1933 - يىلى 12 - ئاينىڭ 6 - كۈندىكى «ئەركىن تۈركىستان» گېزىتىنىڭ 16 - سانىغا بېسىلغان خەۋەر.*

## ئەسەپلىك (ئەپسۇسلىنارلىق) ۋاپات

«ئوتتۇز يىللار شەرقىي تۈركىستانىنىڭ مىللىي ئازادلىقى ئۈچۈن چالىشىپ (خىزمەت قىلىپ)، ئىككى مۇستەبىت زالىم ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تەزەننۇپ (ئىسكەنجە) ۋە تەۋقىپلەر (قاماقلار) گە ئۇچرىغان ھىجاتلىق (؟) مىللەتچىمىز ھاجى جىرجىس ئەپەندى غۇلجا تەرىپىدىن ئالتىشەھەر ئازادلىقى ئۈچۈن خىزمەتى ئەزمى (خىزمەت قىلىش نىيىتى) بىلەن كېلىۋاتقاندا، مۇزاتقا يېقىن قورغان دېگەن مەۋزى (جاي) دە خەستىلىنىپ (كېسەل بولۇپ) ۋاپات بولمۇشتۇر. مەرھۇم شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئازاتلىقىنىڭ ئاشىقى بولۇپ، بۇ يولدا كۆپ ھەرىكەت ۋە مۇشەققەتلەر چەككەن ئالىي قېرىنداشلىرىمىزدىن ئىدى. ئاللاھ غەرقى رەھمەت (رەھمىتىگە ئالسۇن) قىلسۇن.» (ئامىن)

*مىلادى 1933 ـ يىلى (؟) 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىكى «ئەركىن تۈركىستان» گېزىتىنىڭ 18 ـ سانىغا بېسىلغان خەۋەر.*

## تەستىق

«رەئىسى جۇمھۇر غازى خوجىنىياز ھاجىم ھەزرەتلىرى تەرىپىدىن قەشقەردە تۈزۈلگەن شەرقىي تۈركىستان ۋازارەت (مىنىستىرلىق) ھەيئىتىنى تەستىق قىلىپ يارلىق بىلەن تەھرىرات (مەكتۇپ) كەلمىشتۇر.»

*مىلادى 1933 ـ يىلى (1934؟) 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈندىكى «ئەركىن تۈركىستان» گېزىتىنىڭ 18 ـ سانىغا بېسىلغان خەۋەر.*

## بۈيۈك رەھبەرلىرىمىز تەشرىپ ئەتتىلەر


«سەردار ئەلا مۇقەددەس غازى خوجىنىياز ھاجىم ھەزرەتلىرى، بۈيۈك قوماندان مەخمۇت شەۋكەت غازى جانابلىرى، ئەساكىر (ئەسكەرلەر) ۋە غەيرى (باشقا) بەك كۆپ قورال ۋە ئوق ئەسۋابلار بىلەن يېڭى شەھەر ئىشىنى بىلكۈل سەرەنجام (تولۇق بىر تەرەپ) قىلىش ئۈچۈن 27 ـ رامىزاندا قەشقەرگە تەشرىپى قەدەم قىلدىلەر. كېيىن تېزلىك بىلەن ئومۇمىي ئەسكەرلەرنى يېڭى شەھەرگە باراۋەر ھۇجۇم قىلىشقا قارار بولۇپ، ئۇشبۇ بىرىنچى ھىجرىدە بىرىنچى نۇسرەت ۋە مۇۋەپپەقىيەتلەر كۆرۈندى.»

*مىلادى 1934 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىكى «ئەركىن تۈركىستان» گېزىتىنىڭ 19 ـ سانىغا بېسىلغان خەۋەر.*

## تۈركىيە دۆلىتىگە

كۆپ ياخشىلىق ۋە ئېھسان ئاتا قىلغان زات (ئالللاھ) قا ساناقسىز مەدھىيەلەر؛ دۇرۇت ۋە رەھمەت ئۇنىڭ ئەلچىسىگە بولسۇن.

ئاجىزانە ئەرزىمىز ئالىيلىرىڭىزنىڭ ھۇزۇرىغا يېتىپ كېلىپ، قوبۇل بولۇش شەرىپىگە ئېرىشىشىنكى، بىز يېڭىدىن قۇرۇلغان ھۆكۈمىتىمىز (دۆلىتىمىز) ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك ھۆكۈمەت (يېڭى قۇرۇلغان دۆلەت) كە كېرەكلىك بولغان ئەسۋابلارنىڭ كەمچىللىكى تۈپەيلى، جانابىڭىزنىڭ ھۇزۇرىغا شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار نازىرى (مىنىستىرى) قاسىمجان ھاجى ۋەلەدبەردى ھاجىنى يوللىدۇق. مەرھەمەت قىلىپ، مەزكۇر ۋەكىلىمىز قاسىمجان ھاجى سورىغان قوراللاردىن يەنى مىلتىق، ئوق، پىلىموت، ئاپتوموبىل ۋە ئايروپىلان قاتارلىق سايمانلارنى ئاتا (ھەدىيە) قىلىشىڭىزنى ئارزۇ قىلىمىز. سايمان ئۈچۈن تۆلىنىدىغان ۋەزىپىلەرگە ۋەكىلىمىز قاسىمجان ھاجى جاۋاب بېرىدۇ. ئىككىنچى مۇراجاتىمىز سورالغان سايمانلىرىمىزغا مەرھەمەت قىلىنسا، مەرھەمەت قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ چېگراسىغا ۋاستىلار بىلەن يەتكۈزۈپ



تركیه دولتینه

الیه تیکور وب برشلارینی امید قیلوب عریضه ارسال قیلغوچی
شرقی ترکستان جمهوریتی رئیسی وتن جانلیق بوی ذوننك سلیکی
غازی خواجه نیاز حاجی امین نیاز حاجی زاده

۱۳۵۲ سنه جمهوریتینی ۱۳ شهر جمادی الاخر

بېرىشلىرىنى ئۈمىد قىلىپ بۇ ئەرزنى يوللىغۇچى:


شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى رەئىسى ۋە نەنجىڭ
بۇدى زۇڭسىلىڭ

غازى خوجىنىياز ھاجى ئەمىن نىياز ھاجىزادە

ھىجرى نەبى 1352 ـ يىلى جەمادىيەلئەۋۋەلنىڭ 13 ـ كۈنى /
مىلادى 1933 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى.

## ئەنگلىيە دۆلىتىگە

ئاجىزانە ئەرزىمىز ئالىيلىرىڭىزنىڭ ھۇزۇرىغا يېتىپ كېلىپ، قوبۇل بولۇش شەرىپىگە ئېرىشىشۈنكى، بىز يېڭىغىنە قۇرۇلغان ھۆكۈمىتىمىز (دۆلىتىمىز) ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك ھۆكۈمەت (يېڭى قۇرۇلغان دۆلەت) كە كېرەكلىك بولغان ئەسۋابلارنىڭ كەمچىللىكى تۈپەيلى، جانابىڭىزنىڭ ھۇزۇرىغا شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى تاشقى ئىشلار نازىرى (مىنىستىرى) قاسىمجان ھاجى ۋەلەدبەردى ھاجىنى يولىلدۇق. مەرھەمەت قىلىپ، مەزكۇر ۋەكىلىمىز قاسىمجان ھاجى سورىغان قوراللاردىن يەنى مىلتىق، ئوق، پىلىموت، ئاپتوموبىل ۋە ئايروپىلان قاتارلىق سايمانلارنى ئاتا (ھەدىيە) قىلىشىڭىزنى ئارزۇ قىلىمىز. سايمان ئۈچۈن تۆلىنىدىغان ۋەزىپىلەرگە ۋەكىلىمىز قاسىمجان ھاجى جاۋاب بېرىدۇ. ئىككىنچى مۇراجاتىمىز، سورالغان سايمانلىرىمىزغا مەرھەمەت قىلىنسا، مەرھەمەت قىلىپ ئۆزىمىزنىڭ چېگراسىغا ۋاستىلار بىلەن يەتكۈزۈپ بېرىشلىرىنى ئۈمىد قىلىپ بۇ ئەرزنى يوللىغۇچى:



انگلیه دولتی نه

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى رەئىسى ۋە نەنجىڭ

بۇدى زۇڭسىلىڭ

غازى خوجىنىياز ھاجى ئەمىن نىياز ھاجىزادە

ھىجرى نەبى 1352 - يىلى جەمادىيەلئەۋۋەلنىڭ 13 - كۈنى /

مىلادى 1933 - يىلى 9 - ئاينىڭ 24 - كۈنى.

# ئىستىقلال مەجمۇئەسى

(ژۇرنىلى)

# ئىستىقلال مەجمۇئەسى




«ئىستىقلال مەجمۇئەسى» ژۇرنىلىنىڭ 1 - بېتى.

«ئىستىقلال مەجمۇئەسى»، 1933 ـ يىلى قەشقەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دۆلىتىنىڭ قۇرغۇچى تەشكىلاتى بولغان «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال جەمئىيىتى»نىڭ پىكىر ۋە چۈشەنچىلىرىنى، دۆلەت ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنى، ئەمىر ـ پەرمانلىرىنى خەلققە يەتكۈزۈش مەقسىتىدە تەسىس قىلىنغان ئورگان ژۇرنىلىدۇر.

ژۇرنالنىڭ بىرىنچى بېتىدە نەقىشلىق قىلىپ كاتەكچە سىزىلغان. كاتەكچىنىڭ ئوتتۇرىسىغا چىرايلىق قىلىپ ئاي رەسمى سىزىلغان بولۇپ، سىزىقنىڭ ئىچىگە «ئىستىقلال» دەپ خەت يېزىلغان، ۋە ئاينىڭ ئوتتۇرىسىغا ناھايىتى كۆركەم قىلىپ يۇلتۇز سىزىلغان. بۇ شەرقىي تۈركىستان بايرىقىنى خاتىرىلىتىدۇ.

ئاي يۇلتۇزنىڭ يۇقىرى قىسمىدا: «رامىزان 1 ـ، 2 ـ سان. ھەر سانىنىڭ باھاسى 1 سەر» دەپ يېزىلغان.

ئاي يۇلتۇزنىڭ سول تەرىپىگە: «ھەر ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم تارقىلىدىغان دىنىي، مىللىي، ئىلمىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، ئەدەبىي، ئەخلاقىي، تەنقىدىي مەجمۇئە» دەپ يېزىلغان.

ئاي يۇلتۇزنىڭ تۆۋەن قىسمىدا: «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال جەمئىيىتىنىڭ نەشر ئەفكارىدۇر. شوئارى: دىنىدا، تىلىدا، دىلىدا، پىكرىدە ۋە ئىشتا بىرلىكتۇر» دەپ يېزىلغان.

ئاي يۇلتۇزلۇق رامكىنىڭ سىرتى ۋە تۆۋەن قىسمىدا نەشر قىلىنىشقا باشلىغان ۋاقىت: (ھىجرى) 1352 ـ يىلى، رامىزان ئېيى (1934 ـ يىلى 1 ـ ئاي). نەشر يېرى: ئىستىقلال جەمئىيىتى. باش مۇھەررىرى: سۇپىزادە[1]، دەپ يېزىلغان.

---

[1] ئوتتۇرا ئاسىيادىكى «جەدىدچىلىك ھەرىكىتى»نىڭ غوللۇق ئاۋانگارتلىرىدىن بىرى بولغان مۇھەممەد ئەمىن شېرىپ سۇپىزادە 1869 ـيىلى ئۆزبېكىستاننىڭ نەمانگان شەھرىدە تۇغۇلغان. ياش چاغلىرىدا ئۆز يۇرتىدىكى مەدرىسلەردە ئوقۇپ، ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ئەرەب ـ پارس تىللىرىنى پۇختا ئىگىلەپ، يەتتە خىل قىرائەتنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئۆگىنىپ، ئۆز دەۋرىگە يارىشا يۇقىرى مەلۇماتقا ۋە چوڭقۇر پىكىرلىك كىشىگە ئايلانغان. ئىلمىي قابىلىيىتىنى تېخىمۇ يۇقىرى پەللىگە يەتكۈزۈش ئۈچۈن خوقەندگە بارغان سۇپىزادە، ئۇ يەردە ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن بىرگە، شۇ دەۋرنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك زىيالىيلىرىنىڭ سۆھبەتلىرىگە قېتىلىپ ئىسلام دۇنياسىدىكى يېڭى پىكىر ئېقىمى ئىسلاھاتچىلىق (جەدىتچىلىك) ھەرىكىتىگە قىزىقىشقا باشلىغان. خوقەندتە (جەدىتچىلىك) پىكرىنى ياقىلاپ يازغان تەنقىدى شېئىرلىرى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئۇ يەردىكى مەدرەسە ئالىملىرىنىڭ غەزىپىنى قوزغاپ قويغان، شۇنىڭ بىلەن، سۇپىزادە نامانگانغا قايتىشقا مەجبۇر بولغان. نامانگانغىمۇ سىغمىغان سۇپىزادە، يۇرتىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، مەرۋە، باكۇ، سەئۇدى ئەرەبىستان ۋە ئىستانبۇل قاتارلىق جايلارغا بېرىپ، ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن بىرگە ئۇ يەرلەردىكى ئالىم ۋە زىيالىيلار بىلەن تونۇشۇپ، ئىسلام دۇنياسىدا باشلانغان ئىسلاھات ھەرىكەتلىرىنى تۈركىستان دىيارىدىمۇ يورۇتۇش نىيىتىدە ھىندىستان ۋە ئافغانىستان ئارقىلىق يۇرتى نەمانگانغا قايتىپ كەلگەن. ئىشنى نەمانگاندىكى مەدرىسىنىڭ تەلىم ـ تەربىيە مېتودىدا ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش بىلەن باشلىغان سۇپىزادە، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە غەربىي تۈركىستاندا شۆھرەت تاپقان ۋە تەرەپ ـ تەرەپتىن تالىپلار كېلىشكە باشلىغان. ھەسەتخور بەزى مۇتەئەسسىپ كىشىلەرنىڭ كۈشكۈرتۈشى بىلەن 1915 ـيىلى يۇرتىنى تەرك قىلىشقا مەجبۇر بولغان سۇپىزادە، 1918 ـ يىلغىچە ھىندىستاندا ۋە ئافغانىستاندا مۇدەررىسلىك قىلغان. ھىندىستاننى مۇستەملىكە قىلغان ئىنگلىزلارنىڭ بېسىمغا ئۇچرىغان سۇپىزادە، ئافغانىستانغا قايتىپ كەتكەن ۋە ئافغانىستان ئەمىرى ئانۇللاخاننىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، مۇئاۋىن مائارىپ مىنىستىرلىق ۋەزىپىسىگە تەيىن قىلىنغان.

1918 ـيىلى يۇرتىغا قايتقان سۇپىزادە، چاررۇسىيەنىڭ غەربىي تۈركىستاندا يۈرگۈزگەن ئىستىبداتى ۋە زۇلۇمىدىن قېچىپ 1919 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستانغا كەلگەن. قەشقەردە بىر مەزگىل تۇرغاندىن كېيىن ساھىبە خەيرات ئاتۇشلۇق موللا تۇردىھاجىمنىڭ تەكلىپى بىلەن ئاتۇش ئۈگىېرىقتا مەخسۇس قارىيخانا ئېچىپ، يېڭى ئۇسۇلدا يۇقىرى سەۋىيەلىك قارىلارنى تەربىيەلەپ چىققان. كېيىنكى ھاياتىنى

تشكر قلورمز : مجموعه‌مزنيك اوشبو سانلرينى وجودغه چقاريشده بيوك خدمت قلغان مطبعه خادملرى ، محمودخان افندى ايله جمال خان افنديلر دن منتدارمز - كيلوسى سانلرنى اوز وقتيده اولكورتدروب بريشلريغه ايشانه‌مز اعتذار مجموعه‌مز رسملى بولوب چقماقچى ايدى ، مطبعه‌ده سينكوغرافيه بولماغانلقى توغرالو تيارلانغان رسملر قالديريلدى .

ايركين تركستان

هفته‌ده برقاتار چقادورغان دينى ملى سياسى " ايركين تركستان " غزيته‌سىغه آبونه دفترى هرقاچان آچوقدور ، غزيته‌نيك دوامى ترقى و ماليسى اوچون مشترى بولوب يازيليش هربر وطنداشنيك بورجيدور .

( استقلال )

ايكى هفته‌ده برقاتار تارقالادورغان دينى ملى علمى سياسى اجتماعى ادبى اخلاقى تنقيدى " استقلال " مجموعه‌سيغه مشترى بولوب يازيلشمه

آلدورالمكيز ! آلدورالمكيز !

يللقى ۲۰ - سر ، آلته آيلقى ۱۱ - سر ، اوچ آيلقى ٦ - سر .

هر بر سانى بر سر - خارج اوچون پوشته حقى آلنماس .

مراجعت اوچون ادريس : كاشغر يارباغ - ملى استقلال مجموعه‌سينك اداره‌سى

*Kashgar , Swedish Mission Press .*

«ئىستىقلال مەجمۇئەسى» ژۇرنىلىنىڭ 2 - بېتى.

---

شەرقىي تۈركىستاندا ئۆتكۈزگەن سۈپىرادە، 1933 - يىلى قەشقەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال جەمئىيىتى»گە ئاكتىپ ئاۋاز قوشقان، شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى دۆلىتىنىڭ ئورگان ژۇرنىلى بولغان «ئىستىقلال مەجمۇئەسى»نىڭ باش مۇھەررىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگە ۋە « شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي قانۇنى» يېزىلىشىدا ئاكتىپ رول ئالغان. شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى يىقىلغاندىن كېيىن ئاقسۇدا بىر مەزگىل مائارىپ خىزمىتى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. ئۇ 1939 - ئاقسۇدا شىڭ شىسەي تەرىپىدىن قولغا ئېلىنغان كېيىن ئۇزۇن ئۆتمە ئاقسۇدا ۋاپات بولغان.

شېرىپ نىياز خۇشتار، «شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن شەخسلەر »، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى 2003 - يىلى 1 - نەشرى، 303 - بەت.

باتۇر، «يازغۇچىلار بىلەن سۆھبەت»، ئېلكىتاب، يەر ۋە تارىخ يوق، 136 - بەت.

http://ekitap. kulturturizm. gov. tr/Eklenti/12098, muhammedserifsufizadepdf. pdf?0

«ئىستىقلال مەجمۇئەسى»نىڭ 2 - بېتىدە ژۇرنالغا ھەر تۈرلۈك ياردەمدە بولغانلارغا تەشەككۈر ئېيتىش بىلەن، «ئەركىن تۈركىستان» گېزىتى» ۋە «ئىستىقلال مەجمۇئەسى»گە مۇشتەرى بولۇش قاتارلىق مەزمۇنلار يەر ئالغان.

يۇقىرى قىسمىدا: «تەشەككۈر ئېيتىمىز: ژۇرنىلىمىزنىڭ ئۇشبۇ سانلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا بۈيۈك خىزمەت قىلغان مەتبەئە خادىملىرى مەخمۇتخان ئەپەندى بىلەن جامالخان ئەپەندىلەردىن مىننەتدارمىز، كەلگۈسى سانلارنى ئۆز ۋاقتىدا ئۈلگۈرتۈپ بېرىشلىرىگە ئىشىنىمىز. ئېتىراز (ئەپۇ سورايمىز): ژۇرنىلىمىز رەسىملىك بولۇپ چىقماقچى ئىدى. مەتبەئەدە سىنوگوغراپىيە بولمىغانلىقى ئۈچۈن تەييارلانغان رەسىملەر قالدۇرۇلدى» دەپ يېزىلغان.

ئوتتۇرا قىسمىدا:

«ئەركىن تۈركىستان - ھەپتىدە بىر چىقىدىغان دىنىي، مىللىي سىياسىي گېزىتكە ئابۇنىلىك (مۇشتەرى بولۇش) دەپتىرى ھەر قاچان ئوچۇقتۇر. گېزىتنىڭ داۋام قىلىشى، تەرەققىي ۋە سەرخىل بولۇشى ئۈچۈن مۇشتىرى بولۇپ يېزىلىشى ھەر بىر ۋەتەنداشنىڭ مەجبۇرىيىتىدۇر» دەپ يېزىلغان.

تۆۋەن قىسمىدا:

«(ئىستىقلالنىڭ) ئىككى ھەپتىدە بىر قېتىم تارقىلىدىغان دىنىي، مىللىي، ئىلمىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئەدەبىي، ئەخلاقىي، تەنقىدىي مەجمۇئەسىگە مۇشتىرى بولۇپ يېزىلىشقا ئالدىراڭ ـ ئالدىراڭ. يىللىقى 20 سەر، ئالتە ئايلىقى 11 سەر، 3 ئايلىقى 6 سەر. ھەر بىر سانى بىر سەر. تاشقىرى ئۈچۈن پوچتا ھەققى ئېلىنمايدۇ» دەپ يېزىلغان.

ئەڭ تۆۋەندە بولسا: «مۇراجىئەت ئادرېسى: قەشقەر يارباغ، مىللىي ئىستىقلال مەجمۇئەسى ئىدارىسى. (ئىنگلىزچە) قەشقەر شۋېتسىيە مەتبەئەسى» دەپ يېزىلغان.

# ئىستىقلال مەجمۇئەسى شەرقىي تۈركىستاندا

بسم الله الرحمن الرحيم

## مرام و مقصد.

استقلال مجموعه‌سی — جمعیتیمیزنینگ فکرلرینی مسلك و مقصدلرینی یورت داشلریمیزنیك اوتراسنده تارقاتادورغان ترجماندور اوتکان کونلریمزدن — و استقبالیمزدن آچی تاتلی معلومات بریب کیلگوسینی تامینی عملت افکار عامه‌سینی تیارلایدورغان آینه دور . ٥٨ یللق اوزون بر دور ایچنده توتقونلوقنینگ تورلی اچق الملرینی تارتقان یورتداشلریمیز سانسز قربانلر بریش نتیجه‌سنده قولیمه کرگزغان آزادلقنینگ و دینی ملی حاکمیتنی استحکامی و کینکاییشی یولیده سیاسی اجتماعی علمی ادبی رهبرلق ایشدور

مسلکیمیز . افراط و تفریطدین اونکلق وسوسلوقدن پاك اورتا اصلاحچیلقدور ایدی قانونی الهی قرآن حکیم و سنت رسول کریم دائره‌سنده حرکت قیلورمیز . مقصدمیز - یورتداشلریمزغه خصوصاً - وطنداشلریمزغه عموماً - ایکی جهان سعادتینه ایرشدورغوچی وسیله‌لرنی آچق حقیقتلر برلن بیان قلیش ایله برابر دینی علمی ادبی تشویقات و ترغیباتلردن عبارت قلم خدمتیدور . داخلدن و خارجدن اقتدارلق دوات کرامیلرینیك مقاله‌لری اوچون [ مسلکیمز سغدیر ورلوق شرطی برلن ] مجموعه‌میزنینگ بتلری آچوقدور . کونکل خزینه‌لرنده سافلانقان ملی تویغولرینی الانکه‌لی دردلرینی آچق سوزلاش زمانی مینالیلرمزغه منا اییدی کیلدی - دیلدیغی حسابلرینی میداننه ایندی چیقارماغان منورلر ینه قاچان اظهار قلورلر .

قصدیمز بولمق وکیل ایلکه توره یا آقسقال — بزده فکر بزده نیت خدمت علیه‌دور

فکریمزده بوکبی واقلقه هیچ یوقدور مجال — ملتیم آشی ایله نانده یوقدور کاریمز

بزدن غیرت و حرکت ، تنکری تعالی‌دن توفیق و برکت .

صوفیزاده

«ئىستىقلال مەجمۇئەسى»نىڭ 3 - بېتى.

ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن.

## مەرام ۋە مەقسەت (كىرىش سۆز)

ئىستىقلال مەجمۇئەسى - جەمئىيەت (ئىستىقلال جەمئىيىتى) نىڭ پىكىرلىرىنى، مەسلەك (تۇتقان يولى) ۋە مەقسەتلىرىنى يۇرتداشلىرىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا تارقىتىدىغان تەرجىماندۇر. ئۆتكەن كۈنلىرىمىزدىن ۋە ئىستىقبالىمىزدىن ئاچچىق - تاتلىق مەلۇماتلار بېرىپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنى پىكرىي جەھەتتىن كەلگۈسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتىگە تەييارلايدىغان بىر ئەينەكتۇر. 58 يىللىق ئۇزۇن بىر تۇتقۇنلۇق (مۇستەملىكە) نىڭ ھەر تۈلۈك ئاچچىق دەرد - ئەلەملىرىنى چەككەن يۇرتداشلىرىمىز (نىڭ) سانسىز قۇربانلارنى بېرىش نەتىجىسىدە قولغا كەلتۈرگەن ئازادلىقنى ۋە دىنىي، مىللىي ھاكىمىيىتىنى ئىستىھكاملاش ۋە بۇنى كېڭەيتىش يولىدا سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىلمىي ۋە ئەدەبىي تەرەپتىن رەھبەرلىك قىلىشتۇر.

مەسلىكىمىز (يولىمىز) - ئىفرات ۋە تەفرىت (مۆتىدىللىكتىن چەتنەپ كېتىش) تىن، ئوڭچىللىق ۋە سولچىللىقتىن پاك ئوتتا ئىسلاھچىلىقتۇر. يەنى ئەبەدىي

قانۇنى ئىلاھى قۇرئان ھەكىم ۋە سۈننەتى رەسۇل كەرىم دائىرىسىدە ھەرىكەت قىلىمىز. مەقسىتىمىز - خۇسۇسەن يۇرتداشلىرىمىزغا ۋە ئومۇمەن دىنداشلىرىمىزغا ئىككى جاھان سائادىتىگە ئېرىشتۈرگۈچى ۋەسىلىلەرنى ئوچۇق ھەقىقەتلىرى بىلەن بايان قىلىش بىلەن بىرگە، دىنىي، ئىلمىي، ئەدەبىي تەشۋىقات ۋە تەرغىباتلاردىن ئىبارەت قەلەم خىزمىتىدۇر. داخىل (يۇرتىمىز) دىن ۋە خارىج (چەتئەل) دىن ئىقتىدارلىق زاۋاتى كىراملار (ھۆرمەتلىك زاتلار) نىڭ ماقالىلىرى ئۈچۈن - مەسلىكىمىزنىڭ ئورتا يول تۇتۇش شەرتىگە ئاساسەن - مەجمۇئەمىزنىڭ بەتلىرى ئوچۇقتۇر. زىيالىيلىرىمىزغا كۆڭۈل خەزىنىلىرىدە ساقلانغان مىللىي تۇيغۇلىرىنى ئاڭلىتىدىغان، دەردلىرىنى ئوچۇق سۆزلەيدىغان زامان مانا يېتىپ كەلدى. دىلدىكى ھېسسىياتلىرىمىزنى ئەمدى مەيدانغا چىقارمىغان مۇنەۋۋەر زىيالىيلىرىمىز، يانا قاچان ئىزھار قىلار!

*بىزدە پىكىر، بىزدە نىيەت خىزمەتى ئىلمىيەدۇر،*
*قەسدىمىز بولماق ۋەكىل ئەلگە تۆرە يا ئاقساقال.*
*مىللىتىم ئاشى بىلەن نانىدە يوقتۇر كارىمىز،*
*پىكرىمىزدە بۇ كەبى ئىشلارغا ھېچ يوقتۇر مەجال.*

بىزدىن غەيرەت ۋە ھەرىكەت ، تەڭرى تائالادىن تەۋپىق ۋە بەرىكەت.

سۇپىزادە

# شەرقىي تۈركىستان مەركىزىي ئىستىقلال جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى

## شرقی توركستان مركز استقلال جمعیتی نینك نظامنامەسی

### جمعیت نینك مقصد و مرامی

بو کونه‌قدر یاشاب کیلگن مخفی سیاسی ملی جمعیتمیز – اویوشمه‌لریمز – یورتیمزنینك چونك قسملری ایرکنلیق شرفینه ایکه بولماقلیقی اوتغرالو ، ایندی مخفه دولت حمایه‌سنده [ شرقی ترکستان استقلال جمعیتی ] نامی برلن چقادور . بو اوشبو نظامنامه اعضالرمزغه رسما دستورالعمل بولوب قالبدور .

مادەلار ــ ٢٤ ــ عدد دور .

١ ـ یورتیمزده بولغان چونك اوزگریشلر نتیجه‌سنده تنگری تعالی‌نینك لطف و عنایتی ایله یورتیمزنینك چونك قسملری ایرك بولوب اسلام دولتی قوروش مسئله‌سی آلدیمزغه کیلدی

٢ ـ بیز هانشیمیز اوزون یللردن تارتیب بیگانه‌لرنینك زورلوقی آستده قارانغیلیقده ایزیلیب کیلدی، ایزکیلگنده ایکه بولماغانیمیزنینك بویوزی حاضرغچه یریه‌تاق اوزون زمان ایچیده ولایتیمیزنینك بعضی قسملرینده اوزآراتالاش هرکتی اوزباشیچه‌لق برلن عمراولدی ، دولت و ملت‌نینك حال و استقبالی توزوقونچلی تورمیشده قاله باشلادی . بونینك اوچون استقلال جمعیتی ، دولت قوروشی ایشلرینی آغربولغانلیقینی کوز آلدیمزغه توتوب حکومت باراتیلیشیغه یاردمده بولادور .

٣ ـ دولتنینك دینی ملی سیاسی مدنی هم اقتصادی قوروشی یولنده خدمت قلیشلك هم دولت اسلامیه‌غه یاردمده بولوشنینك استقلال جمعیتی اوزینه اولوغ وظیفه دیب بیلور .

٤ ـ بیوك یورتیمزنینك استقلال یولنده قوروشینه زور اهمیت بیریب نشریات تشویقات ترغیبات تبرینات یوللری برلن استقلال فکرینی تارقاتیش ، و یورتدا اهل اسلام توقنالریمزنی اوشبو یولدغی امیدلرینی برلاشدورروب شول استقلال بایراغی آستینه یغیب توپلاشنینك آلدیده توتادور .

٥ ـ دینی ملی سیاسی معارف واقتصادی مؤسسه‌لرده ایش قلیش اوچون استقلال جمعیتی ـ اوزینك ایش بیلادورغان اعضالرمین خدمتچیلر بیرشنی کوز آلدیده توتادور .

«ئىستىقلال مەجمۇئەسى»نىڭ 5 - بېتى.

## «جەمئىيەتنىڭ مەقسەت ۋە مەرامى»

بۇ كۈنگە قەدەر مەخپىي ياشاپ كەلگەن سىياسىي ۋە مىللىي جەمئىيەتلىرىمىز - ئۇيۇشمىلىرىمىز - يۇرتىمىزنىڭ كۆپ قىسمى ئەركىنلىك شەرىپىگە ئىگە بولغانلىقى ئۈچۈن، ئەمدى سەھنىگە دۆلەت ھىمايىسى بىلەن «شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال جەمئىيىتى» نامى بىلەن چىقتى. ئۇشبۇ نىزامنامە جەمئىيەت ئەزالىرىمىز تەرىپىدىن رەسمىي دەستۇرلىرىمىز بولۇپ تونۇلدى.

ماددىلار 25 دانىدۇر:

1 - يۇرتىمىزدا يۈز بەرگەن چوڭ ئۆزگىرىشلەر نەتىجىسىدە، تەڭرى تائالانىڭ لۇتپى ۋە ئىنايىتى بىلەن يۇرتىمىزنىڭ كۆپ قىسىملىرى ئەرك (ئازاد ) بولۇپ، ئىسلام دۆلىتى قۇرۇش مەسىلىسى ئالدىمىزغا كەلدى.

2 - يۇرتداشلىرىمىز ئۇزۇن يىللاردىن تارتىپ بىگانەلەرنىڭ زورلۇقى ئاستىدا قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئېزىلىپ كەلدى. ئەركىنلىككە ئىگە بولغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە يىگىرمە يىلغا يېقىن ئۇزۇن بىر زامان ئىچىدە ۋىلايەتلىرىمىزنىڭ بەزى قىسىملىرىدا ئۆزئارا تالاش - تارتىش، ھەركىم ئۆز بېشىچە ئىش قىلىش بىلەن زامان ئۆزىدى. دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ جان ۋە ئىستىقبالى قورقۇنچلۇق ھالەتكە كىرىپ

قىلىشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئىستىقلال جەمئىيىتى، دۆلەت قۇرۇلۇشى ئىشلىرىنىڭ ئېغىر بولغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ھۆكۈمەت يارلىقلىرى (ئىشلىرى) غا ياردەمچى بولىدۇ.

3 ـ دۆلەتنىڭ دىنىي، مىللىي، سىياسىي، مەدەنىي ۋە ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى يولىدا خىزمەت قىلىشنى، ھەم دۆلىتى ئىسلامىيە (شەرقىي تۈركىستان ئىسلام دۆلىتى) گە ياردەمدە بولۇشنى ئىستىقلال جەمئىيىتى ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ۋەزىپىسى، دەپ بىلىدۇ.

4 ـ ئۇلۇغ يۇرتىمىزنىڭ ئىستىقلال يولىدا دۆلەت قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، نەشرىيات، تەشۋىقات، تەرغىبات ۋە تەمرىنات (تەرغىب قىلىش ۋە كۆندۈرۈش) يوللىرى ئارقىلىق ئىستىقلال پىكرىنى تارقىتىش، يۇرتىمىزدا ئەھلى ئىسلام تۇغقانلىرىمىزنىڭ ئۇشبۇ يولدىكى ئۈمىدلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، ئىستىقلال بايرىقىنىڭ ئاستىغا يىغىپ توپلاشنى ئالدىنقى ۋەزىپە قاتارىدا كۆرىدۇ.

5 ـ دىنىي، مىللىي، سىياسىي، مائارىپ ۋە ئىقتىسادىي مەسىلىلەردە ئىش قىلىش ئۈچۈن ئىستىقلال جەمئىيىتى ئۆزىنىڭ ئىش بىلىدىغان ئەزالىرىدىن خىزمەتچىلەرنى بېرىشنى كۆز ئالدىدا تۇتىدۇ.

6 ـ ئىستىقلال جەمئىيىتى، ئۆزىنىڭ مەقسەتلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن ئەزالىرىنىڭ قۇتى (قوللىشى) بىلەن تۆۋەندىكى ئىشلارنى قىلىدۇ:

ئا) ئىسلام دۆلىتىنىڭ ئىستىقلال يولىدا قۇرۇلۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

ب) مەركەزدە ۋە ۋىلايەتلەردە دۆلەت قورۇلۇشى ئۈچۈن لازىم بولغان ئىشچى - خادىملارنى ھۆكۈمەتنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن تەقدىم قىلىدۇ.

ت) ئىستىقلال جەمئىيىتى، مائارىپ يولىدا مەكتەپلەر، مەدرىسلەر ۋە خۇسۇسىي ئۆيلەرنى ئېچىشتا دۆلەتكە ياردەمدە بولىدۇ.

س) نەشرىيات ئىشلىرىدا ھۆكۈمەت ھەم ئەزالارنىڭ ياردىمى بىلەن كىتاب، مەجمۇئە (ژۇرنال)، گېزىت چىقىرىش ۋە مەتبەئەلەر تەشكىل قىلىشقا ئوخشاش مىللەتنى مەلۇماتلىق قىلىش يولىدا ئىش ئېلىپ بارىدۇ.

ج) ئىستىقلال جەمئىيىتى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، تىجارەت، سانائەت، مالىيە ۋە نەقلىيات (توشۇغۇچىلىك) ئىشلىرىدا ھەر تۈرلۈك پىلان - لايىھەلەرنى تۈزىدۇ ھەم تەشكىلاتلىنىش ئىشلىرىدا دۆلەتكە ياردەمدە بولىدۇ.

**جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلۇشى:**

7 - ئىستىقلال جەمئىيىتى دىنىي ۋە مىللىي بىر جەمئىيەت بولۇپ، نىزامنامىسى دۆلەت تەرىپىدىن تەستىق قىلدۇرۇلىدۇ.

8 ـ جەمئىيەتنىڭ ئۈستىدە، مەركەزنى ئىدارە قىلغۇچى مەركەز دائىرىسى (مەكىزىي باشقارما) بولىدۇ.

9 ـ مەركىزى ئىدارىدە بىر رەئىس، ئىككى مۇئاۋىن، باش كاتىپ، خەزىنىچى (كاسسىر) قاتارلىق توققۇز ئەزالىق بىر ھەيئەت بولىدۇ.

10 ـ ئىستىقلال جەمئىيىتىنىڭ مالىيە ئىشلىرىنى تەپتىش قىلىش ئۈچۈن، ئۈچ كىشىدىن تەشكىل تاپقان قوشۇمچە «تەپتىش ھەيئىتى» بولىدۇ.

11 ـ «مەركىزى ئىدارە» ۋە «تەكشۈرۈش ھەيئىتى» ئەزالىرى ئومۇمىي مەجلىس تەرىپىدىن سايلاپ تەيىن قىلىنىدۇ.

12 ـ جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي مەجلىسلىرى ھەر ئايدا بىر قېتىم ياكى ھەيئەتنىڭ توختامى (قارارى) بىلەن چاقىرىلىدۇ.

**ئەزالار ھەققىدە:**

13 ـ ئىستىقلال جەمئىيىتىنىڭ تۇتقان يوللىرىنى قوبۇل قىلىپ، جەمئىيەتكە ئەزا بولۇشنى خالىغان، دىن ۋە مىللەتپەرۋەر يولداشلار، ئۆلىمايى كىراملار، پەزىلەتلىك ئەدىبلەر، تىجارەتچىلەر ۋە ئوخشاشلا يۇرت مۆتىۋەرلىرى، ھەربىي ۋە مەمۇرىي خادىملار، كاسىپ، دېھقان، دەردلىك ۋە غايىلىك مىللەت بالىلىرى ئەزالىققا قوبۇل قىلىنىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىرگە جەمئىيەتنىڭ توختاملىرى (قارارلىرى) نى ھەربىر ئەزا ئۆزى ئۈچۈن مەجبۇرى، دەپ قارايدۇ.

14 ـ جەمئىيەتكە ئەزا بولۇشنى خالىغان كىشىلەر ئەرزىيەت (تەلەپ) سۇنىدۇ، جەمئىيەتنىڭ ئەزالىرىدىن ئىككى كىشىنىڭ كاپالىتى ۋە ھەيئەتنىڭ قارارى بىلەن ئەزالىققا قوبۇل قىلىنىدۇ.

15 ـ ھەر بىر ئەزا، جەمئىيەتنىڭ ئۇمۇمىي مەجلىس ھەيئىتىنىڭ قارارى بىلەن تەيىن قىلىنغان مىقداردا ئەزالىق بەدەل پۇلى تۆلەيدۇ.

16 ـ ھەر بىر ئەزاغا ھەيئەت تەرىپىدىن ۋەسىقە (ئەزالىق گۇۋاھنامىسى) بېرىلىدۇ.

17 ـ ئىستىقلال جەمئىيىتىنىڭ تۇتقان يولىغا، قىلغان ئىشلىرىغا زىيان يەتكۈزگەن ئەزالار، ھەيئەتنىڭ قارارى بىلەن ھەيدىلىدۇ، جەمئىيەتتىن چىقارتىلىپ، ناملىرى ئۇمۇمىي مەجلىسلەردە ئېلان قىلىنىدۇ.

**جەمئىيەتنىڭ سەرمايىلىرى:**

18 ـ ئىستىقلال جەمئىيىتىنىڭ مەقسەتلىرىنى مەيدانغا چىقىرىش ئۈچۈن ئىدارىنىڭ خەزىنىسى بولىدۇ.

19 ـ سەرمايە تۆۋەندىكى يوللاردىن يىغىلىدۇ:

1. ئەزالىق بەدەل پۇلى.

2. ھۆكۈمەت ۋە ھەر تۈرلۈك تەشكىلاتلارنىڭ ئىئانىلىرى.

3. يەككە شەخسلەرنىڭ ۋە تىجارەتخانىلار (شىركەت) نىڭ ئىئانىلىرى.

4. بۇنىڭدىن باشقا ھەر تۈرلۈك يوللار...... ئارقىلىق.

20 ـ جەمئىيەتنىڭ سەرمايىلىرى مەخسۇس دەپتەرلەرگە يېزىلىپ ھېسابات يۈرۈتىلىدۇ ۋە ھەر ئۈچ ئايدا ئومۇمىي مەجلىسكە ھېساۋات دوكلاتى بېرىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە جەمئىيەتنىڭ پىكىر تارقاتقۇچىسى بولغان «ئىستىقلال مەجمۇئەسى»دە ئېلان قىلىنىدۇ.

**جەمئىيەتنىڭ شۆبە ۋە ئوچاقلىرى (ئىش بېجىرىش ئورنى):**

21 ـ جەمئىيەت، ئىدارىنىڭ مەقسەتلىرىنى تارقىتىش ئۈچۈن ھەممە يەردە ـ ۋىلايەت، ناھىيە، كەنت ھەم مەھەللىلەردە، ئىش قىلىش لازىم بولغانلىقى يەرلەردە ۋىلايەت ۋە ناھىيە شۆبىلىرىنى ئاچىدۇ. ئۇشبۇ شۆبىلەر مەركىزىي ئىدارە رەھبەرلىرى بىلەن مەھەللىدىكى ئەزالار تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىدۇ.

22 ـ كەنت ۋە مەھەللىلەردە ئىش ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن ۋىلايەت ۋە ناھىيە شۆبىلىرى تەرىپىدىن «ئىستىقلال جەمئىيىتى»نىڭ ئوچاقلىرى ئېچىلىدۇ. ئوچاقلار كاتىپ ۋە شۆبىلەردىكى رەھبەرلەر تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىدۇ.

**جەمئىيەتنىڭ ھوقۇقلىرى:**

23 ـ ئىستىقلال جەمئىيىتى كامىل (تولۇق) ھوقۇقلۇق بىر تەشكىلات بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆز نامى بىلەن ھەر تۈرلۈك مۇئامىلە ئىشلىرىنى قىلىش، مۈلۈك ئېلىش ياكى سېتىش ھەققى باردۇر.

24 ـ جەمئىيەتنىڭ ئۆزىنىڭ نامى يېزىلغان تامغىسى بولىدۇ.

25 ـ ئېھتىياجغا كۆرە نىزامنامىنى كېڭەيتىش ياكى قىسقارتىش ھەيئەت رىياسىتىنىڭ ئىختىيارلىقىدا بولىدۇ.

ئۇشبۇ 25 ماددىلىق نىزامنامە، شەرقىي تۈركىستان دۆلەت باش ۋاكالىتى تەرىپىدىن كۆرۈلۈپ 52 ـ يىل 9 ـ شەئباندا تەستىق قىلىندى.

باش ۋەكىل: سابىت ئابدۇلباقى

# رەسمي ئىدارە - ئورگانلار

كوزنلمك ٥٢ ـ يل ٩ ـ نجى شعبانده ـ تصديق قلندى .

باش وكيل : ثابت عبدالباقى

## رئيس بولوش

## ولايت استقلال محكمه سى نينك قورولوشى

٨ آيدر بيرى ولايتده دوام ايتغان داخلى انتظامسزلقلردن يوز تداش
؛ يوب بيريش آلدنده تورادور ايردى ، مركزى حكومتمز بومسئله نى
بارغه اليب كاشغر ولايت استقلال محكمه شعبه سى قوروش حقنده
، جمادى الثانى تاريخلى عالى يارلق ايله ٥٧ نى ماده لق نظامنامه يازدى .
اسبت برلن ٨ نجى رجبده بولوب اوتغان قومندانلر نينك معاهده سيغه
مندانلر مجلسى نينك ٢ نجى نومرلق توختاميغه موافق حكومت اورده
ستقلال محكمه سى ٩ نجى رجبده آچليب ثابت عبدالباقى حاجى رئيس
نى معاون ، موسى داملا باش كاتب ، محمد رحيم آخوند ايله امين آخوند
بولوب تعين لانيب ايش يورغوزه باشلاديلر . احمد توفيق افندى
هغه رئيس بولوشنك خاهله غان ايسه ده قومندانلر قبول قلماغانلرى
ـ اول زاتنى بولك مناسب خذمتغه قيوشنى موافق كورولدى .

«ئىستىقلال مەجمۇئەسى»نىڭ 9 - بېتى.

## كاشغەر ۋىلايەت ئىستىقلال مەھكىمىسىنىڭ قۇرۇلۇشى

ئالتە ئايدىن بېرى ۋىلايەتتە داۋام قىلغان ئىچكى ئىنتىزامسىزلىقتىن يۇرتداشلىرىمىز تويۇپ بېزىش ئالدىدا تۇراتتى. مەركىزىي ھۆكۈمىتىمىز بۇ مەسىلىنى نەزەرى ئېتىبارغا ئېلىپ «كاشغەر ۋىلايەت ئىستىقلال مەھكىمىسى» شۆبىسىنى قۇرۇش ھەققىدە 26 - جەمادىيەسسانىدا ئالىي يارلىق بىلەن، 57 ماددىلىق «نىزامنامە»نى يوللىدى.

بۇ مۇناسىۋەت بىلەن، رەجەب ئېيىنىڭ 8 - كۈنى توپلانغان قوماندانلارنىڭ كېلىشىمىگە ئاساسەن، قوماندانلار مەجلىسىنىڭ 2 - نومۇرلۇق توختامنامىسىغا مۇۋاپىق ئاساستا ھۆكۈمەت ھەربىي قوماندانلىق ئىشتابى ئىچىدە رەجەب ئېيىنىڭ 9 - كۈنى «ئىستىقلال مەھكىمىسى» قۇرۇلغان بولۇپ، سابىت ئابدۇلباقى ھاجى رەئىس، جاپاق قازى مۇئاۋىن، مۇسا داموللا باش كاتىپ، مۇھەممەد رەھىم ئاخۇن بىلەن ئەمىن ئاخۇنلار ئەزا بولۇپ تەيىنلەندى ۋە ئىشلارنى ئىجرا قىلىشقا باشلىدى. ئەھمەد تەۋپىق ئەپەندى مەھكىمىگە رەئىس بولۇشنى خالىغان بولسىمۇ، قوماندانلار بۇ تەكلىپنى قوبۇل قىلمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ زاتنى باشقا مۇناسىپ بىر خىزمەتكە قويۇش مۇۋاپىق كۆرۈلدى.

«ئىستىقلال مەھكىمىسى» ئېچىلىپ ئىشقا باشلىغان كۈندىن ئېتىبارەن مەقسەت ۋە مۇددىئاسىنى بايان قىلىپ، ئېلان قەغەزلىرىنى جاي ـ جايلارغا چاپلاپ ئەسكىرى ۋە مۈلكى ئىنتىزامسىزلىقنى تۈگىتىپ دۆلەت ئىشلىرىنى ئىسلاھ قىلىش يولىدا تەشكىللىك ئاساستا تەدبىرلەر ۋە چارىلەر كۆرۈلۈشكە باشلىدى.

بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مۈلكىي دائىرىلەردە ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى.

«تىنچ سۇدا بېلىق تۇتۇش» يەنى ساراسىمىگە چۈشكەن بەزى ئۆز بېشىمچى بۇزۇق قوماندانلار كېلىشىمدىن يېنىپ مۇرتەد بولۇش بىلەن بىرگە، مەھكىمىنىڭ ئەزالىرىغا ئۇچۇق رەۋىشتە قارشى ھەرىكەتكە ئۆتۈپ، ۋەھشىي قىلمىشلارنى سادىر قىلىشقا كىرىشتى.

بۇلاردىن بىرى «ئەدى قانىسى» دېگەن بىر خائىننىڭ خائىنلىقى ۋە ۋەھشىي ھەرىكەتلىرى بولدى. ئۇ بۇزۇقباش «قانىسى» بولسا، دۆلەت ۋە مىللەتكە قىلغان خىيانەت ۋە جىنايەتلىرى ئۈچۈن شەرئىي شەرىپ (ئىسلام قانۇنى) نىڭ ئادىل ھۆكمى بىلەن لايىق جازاغا تارتىلىپ، پاسات ۋە پىتنىلىرىدىن مىللەت قۇتۇلۇپ شەھەر ۋە سەھرالاردا ئاسايىشلىق يەرلەشتى. «ئەدى» نىڭ قالغان تۇغقان جىنايەتچى يولداشلىرى قولغا ئېلىنىپ، يۇرتتا خەلق ئامىسىنىڭ خاتىرجەملىكىنى تولۇق كاپالەتكە ئىگە قىلىش

يولىدا بۇزۇق ئۇنسۇرلارنىڭ ئىزىنى سۈرۈش داۋام قىلماقتا.

جەمئىيەت باش كاتىپى: سۇپىزادە

## شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنىڭ قۇرۇلىشى

ھەر تۈننىڭ كۈندۈزى، ھەر كۈندۈزنىڭ تۈنى بولىدۇ. بۇ ھەممە كىشىگە مەلۇم. قاراڭغۇلۇقنىڭ قارا قاغىلىرى (خىتايلار) نىڭ بەزىلىرى قايتىپ جاھاننى قايتا كۆرمەسلىك ئۈچۈن ئەبەدىي سەپەر قىلدى. يەنە بەزىلىرى بولسا، خالتىلىرىنى ئېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي ئالدىراشچىلىق بىلەن بېيجىڭغا قاراپ تولۇق يول ئالدى. شەرقىي تۈركىستانلىق ئىنسانلارمۇ ئەمدى ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، كىم بولۇپ قالغانلىقىنى چۈشەندى. ئۆزلىرىنىڭ مەجبۇرلاش، ئېزىش، تالان - تاراج قىلىش ۋە بۇلاش ئاستىدا ئېزىلگەنلىكىنى، يەنى ھەممە ئىشنىڭ ماھىيىتىنى ئوچۇق - ئاشكارا تونۇپ يەتتى.

بۇنىڭغا ئاساسەن موللىسى، بېيى، كاسىبى ۋە دېھقىنى قولغا - قول بولۇپ، بىر ياقىدىن باش چىقاردى. دە، «يا ئەركىنلىك! يا ئۆلۈم!» شوئارىنى مەيدانلاردا ياڭراتتى. ئاللاھ تابارەك ۋە تائالانىڭ ﴿وَالَّذِينَ جَاهَدُوا فِينَا لَنَهْدِيَنَّهُمْ سُبُلَنَا وَإِنَّ اللهَ لَمَعَ الْمُحْسِنِينَ﴾ «بىزنىڭ رىزالىقىمىز ئۈچۈن دىن ۋە مىللەت يولىدا ئىجتىھات (تىرىشچانلىق)، سەئيى ۋە ھەرىكەت قىلغۇچى كىشىلەرنى سىراتى مۇستەقىم بولغان ھەقىقەت يوللىرىمىزغا ئەلۋەتتە ھىدايەت قىلىمىز

ۋە مۇھەققەق (جەزمەنكى) تەگرى تائالا ھەزرەتلىرى جىھاد كەبى ئۇلۇغ ياخشىلىقلارنى قىلغان كىشىلەر بىلەن ئەلۋەتتە بىرگە قىلىدۇ». تەپسىردىكى ئايەتنى كەرىمنىڭ خۇش بېشارىتىگە قاراپ قەھرىمان ساھىبقىران غازى خوجىنىياز ھاجىم رەئىسى جۇمھۇر جانابلىرىنىڭ بايرىقى ئاستىغا يىغىلىپ ئەركىنلىككە ئىگە بولدى.

بىلىققا سۇ قانداق كېرەك بولسا، ئۇشبۇ ئۇلۇغ ئەركىنلىك نېمىتىنى قولدا لايىق بىر رەۋىشتە تۇتۇپ، ئۇنىڭ مۇستەھكەملىنىشى ۋە كېڭىيىشى ئۈچۈن بىرلەشكەن «بىر پارچە دۆلەت» قۇرۇلۇشىمۇ شۇنچىلىك زۆرۈر ۋە مۇھىم ئىدى.

بۇنىڭغا ئاساسەن ئۇزۇن ۋاقىتتىن بېرى پىكرىمىزنى مەشغۇل قىلىۋاتقان بۈيۈك ھەم ئىنتايىن ئېغىر بولغان بۇ مۇھىم مەسىلىنىڭ مۇزاكىرىسى تومۇرداش (قان - قېرىنداش) ئالىي رەھبەرلىرىمىزنىڭ بىرلىككە كېلىشى بىلەن، 24 - رەجەب يەكشەنبە كۈنى ھەربىي قوماندانلارنىڭ مىساقىي مىللىي (مىللىي قەسەملىشىش) كېچىسىدە بولۇپ ئۆتكەن «قوماندانلار مەجلىسى» نىڭ 1 - توختاملىرىغا مۇۋاپىق ئاساستا «شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى»نى قۇرۇشقا قارار قىلىندى. ھەيئەتى رىياسەت (ئالىي رەھبەرلىك ھەيئىتى) تەرىپىدىن دۆلەت قۇرۇلۇش بايانامىسى تۈزۈلۈپ، تەييارلىنىپ ۋە ئىمزالىنىپ تامغىلار بېسىلدى.

ئەتىسى سائەت 10 دا ھەربىي قوماندانلار، مۈلكى مەمۇرلار

(دۆلەت مەمۇرلىرى)، يۇرت نامايەندىلىرى، مەملىكەتنىڭ ئەئيان (ئاقساقاللىرى)، باشلىقلار، ئىستىقلال، نەشرىيات، مائارىپ ۋە ھىلال ئەھمەر (قىزىلئاي) جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەتلىرى، دارىلمۇئەللىمىن تەلەبەلىرى (ئوقۇغۇچىلىرى) مىللىي مارشنى ئوقۇپ، مىللەتنىڭ دەردلىك كۆڭۈللىرىنى ئېرىتىپ، ئىنتىزام بىلەن تۆمەن بويىدىكى كەڭرى مىللەت مەيدانىغا يىغىلدىلار. نامايىشقا 7000 مىڭ ئەسكەر، 13000 مىڭ خەلق، ھەممىسى بولۇپ 20000 مىڭدىن ئارتۇق كىشى قېتىلدى. نامايىشنىڭ باشقۇرغۇچى ھەيئىتى تەرىپىدىن «شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى قۇرۇلۇشى» نىڭ تۆۋەندىكى بايانناممىسى ئوقۇلدى:

## «شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى قۇرۇلۇشى» نىڭ باياننامىسى

1352 ـ يىلى 24 ـ رەجەب

(1933 ـ يىلى 11ـئاينىڭ 13ـ كۈنى)

ئاللاھ تائالانىڭ ياردىمى ۋە مېھرىبانلىقىغا، رەئىسى مۇئەززىمىمىز (ئۇلۇغ داھىمىز) ئىمىننىياز ھاجىم ئوغلى خوجىنىياز ھاجىم[1] ھەزرەتلىرىنىڭ لاياقەتلىك ۋە سالاھىيەتلىك

[1] 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شەرقىي تۈركىستاندا يېتىلگەن كاتتا سىياسىيون، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دۆلىتىنىڭ تۇنجى ۋە ئۆمۈرلۈك رەئىسى خوجىنىياز ھاجىم، 1889 ـ يىلى قۇمۇلدا قول دورغا ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. كىچىك ۋاقتىدا ئېغىر قىيىنچىلىقلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن خوجىنىياز

ۋەكىللىرىنىڭ ئىتتىپاقلىرىغا (بىرلىككە كېلىشلىرىگە)، بارلىق لەشكەرى ئىسلام ئەسكىرىي قوماندانلىرىنىڭ ۋە بارلىق پۇقرالارنىڭ مۇۋاپىقىيەتى - بىرلىكىدىن سۆيۈنگەن ئاساستا مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستانىمىزنىڭ بىرىنچى ھۆكۈمەتى مۇۋەققەتەسى (ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى) تۆۋەندە بايان

---

ھاجىم، خىتايغا قارشى تۇنجى ئىنقىلابىنى تورپاقلار قوزغىلىڭىغا قاتنىشىش بىلەن باشلىغان. قوزغىلاڭ مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن ئانىسىنىڭ ياردىمى بىلەن ھەجگە بېرىپ، 1912 - يىلى قايتىپ كەلگەن. تۆمۈر خەلپەنىڭ خىتايلارغا قارشى باشلاتقان قوزغىلىڭىغا قاتنىشىپ، مىسلىسىز قەھرىمانلىقلارنى كۆرسەتكەن. تۆمۈر خەلپە 1913 - يىلى 9 - ئاينىڭ 6 - كۈنى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، خىتايلار خوجىنىياز ھاجىمدىن ئەنسىرەپ ھەر تەرەپتە ئۇنىڭ پېيىغا چۈشكەن. ئۇ، ئىسمىنى ئىسھاق دەپ ئۆزگەرتىپ ئالتاي تەرەپكە كەتكەن بولسىمۇ، بارغانلا يېرىدە سىزىلىپ قېلىپ، ئاخىرى رۇسىيەگە كەتكەن. رۇسىيەدە ھەربىي تەلىم ئالغان خوجىنىياز ھاجىم، 1923 - يىلى ئىلىغا قايتىپ كەلگەن، ئارقىدىن بىر مەزگىل ئۈرۈمچىدە تۇرغان. 1927 - يىلى مەخسۇت مۇھىتى ۋە مەھمۇت مۇھىتى قاتارلىق ئىنقىلابچىلار بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، قۇمۇل ۋە تورپاندا خىتايغا قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. خىتايلار تەكلىپ قىلغان ھەرخىل قۇرۇق مەنسەپلەرگە ئالدانماي، كۈرەشنى داۋاملاشتۇرغان خوجىنىياز ھاجىم، نۇرغۇن شەھەرلەرنى خىتايلاردىن قۇتۇلدۇرغان. 1931 - يىلى موڭغۇلىيە ھۆكۈمىتى بىلەن كېلىشىم ئىمزالاپ، قورال - ياراغ ۋە ھەربىي كىيىم -كېچەك سېتىۋېلىپ، رەسمىي ھەربىي بىرلىكنى قۇرۇپ چىققان. 1932 - يىلى 6 - ئايدا پۈتۈن قوماندانلارنىڭ سايلىشى بىلەن، باش قوماندانلىققا سايلىنىپ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ تامامىنى خىتايلاردىن قۇتۇلدۇرۇش ۋە مۇستەقىل مىللىي دۆلەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن، خىتايغا قارشى ئۇرۇش قىلىۋاتقان بارلىق قوراللىق كىشىلەر بىلەن ئىتتىپاق تۈزۈشكە تىرىشقان. خوتەن ۋە قەشقەردە خىتايغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان مۇستەقىللىق ھەرىكەتلىرى بىلەن يېقىندىن ھەمكارلاشقان خوجىنىياز ھاجىم، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا باشچىقىدىكى «خوتەن ئەمىرلىكى» ۋە قەشقەردە قۇرۇلغان «ئىستىقلال جەمئىيىتى» مەسئۇللىرى بىلەن ئالاقىنى كۈچەيتىپ ۋە ئىنقىلابنى بىرلەشتۈرۈپ، 1933 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قەشقەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دۆلىتىنىڭ تۇنجى ۋە ئەبەدىي رەئىسى بولۇپ سايلانغان. 1938 - يىلى شىڭ شىسەي تەرىپىدىن شېھىت قىلىنغان.

https://ug. wikipedia. org/wiki/%D8%AE%D9%88%D8%AC%D9%89%D9%86%D9%89%D9%8A%D8%A7%D8%B2_%DA%BE%D8%A7%D8%AC%D9%89

قىلىنىدىغان رەۋىشتە قۇرۇلدى.

باش ۋەكىل (باش مىنىستىر): سابىت ئابدۇلباقى[1]

داخىلىيە نازىرى (ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى): سەئىدزادە

---

[1] 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شەرقىي تۈركىستاندا يېتىلگەن كاتتا سىياسىيون ۋە يېتۈك ئالىم سابىت ئابدۇلباقى كاشغەرىي، 1883 - يىلى ئاتۇشنىڭ ئازاق كەنتىدە دۇنيا كەلگەن. باشلانغۇچ تەھسىلىنى ئاتۇشتا تاماملىغان سابىت ئابدۇلباقى، كېيىنكى تەھسىلىنى قەشقەر خانلىق مەدرىسىدە داۋاملاشتۇرغان. 1910 - يىلى ئىلگىرىلەپ ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن بۇخاراغا بارغان ۋە 1914 - يىلى «داموللا» ئۇنۋانىنى ئېلىپ قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن. بىر مەزگىل قەشقەردە مۇدەررىسلىك قىلغان ۋە پەتىۋا خىزمەتلىرى بىلەن مەشغۇل بولغان سابىت داموللام، غۇلجا خەلقىنىڭ تەكلىپى بىلەن غۇلجا شەھىرىگە يەرلىشىپ، ئۇ يەردە «قازى كالان» بولغان. 1930 - يىلى خوتەندىكى كاتتا ئالىم ۋە سىياسىيون مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا بىلەن غۇلجىدا ئۇچرىشىپ، ۋەتەنىنىڭ ئىستىقلالى توغرىسىدا ئۇزۇن سۆھبەتلەشكەندىن كېيىن، سابىت داموللام رۇسىيە ئارقىلىق تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، مىسىر ۋە ھىندىستان قاتارلىق جايلارنى زىيارەت قىلىپ، ئۇ يەردىكى سىياسىيون ۋە مۇنەۋۋەر كىشىلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، شەرقىي تۈركىستانىنىڭ مۇستەقىللىقى توغرىسىدا مەسلىھەتلەشكەن ۋە ياردەم تەلەپ قىلغان. شەرقىي تۈركىستانىنىڭ مۇستەقىللىقىغا كۆزى يەتكەن سابىت داموللام، 1932 - يىلى ھىندىستاندىن قاغىلىق يولى بىلەن خوتەن بېرىپ، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا بىلەن جىددىي پاراڭلىشىپ مەخپى تەشكىلات قۇرغان. قىسقا ۋاقىت ئىچىدە خوتەندىكى مۇجاھىدلار خوتەننى خىتايلاردىن تازىلاپ، مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا باشچىلىقىدا «خوتەن ئەمىرلىكى»نى قۇرغان. 1933 - يىلى 7 - ئايدا سابىت داموللام ۋە مۇھەممەد ئەمىن بۇغرانىڭ ئىنىسى شاھ مەنسۇر بىلەن بىرگە نۇرغۇن قوشۇن بىلەن قەشقەرگە كەلگەن سابىت داموللام، قەشقەردە قۇرۇلغان «ئىستىقلال جەمئىيىتى»گە قېتىلىپ، قەشقەرنىڭ باش قازىسى «قازى كالان» بولغان. سابىت داموللامنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە داھىيلىقىدا 1933 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قەشقەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دۆلىتىنىڭ تۇنجى ھۆكۈمىتىدە باش مىنىستىر بولۇپ سايلانغان ۋە دۆلەتنى پۈتۈن دۇنياغا جاكارلىغان.

ئۇيغۇرچە ۋە ئەرەبچە نۇرغۇن ئىلمىي ئەسەرلەرنى يازغان رەئىس سابىت داموللام، 1942 - يىلى جاللات شىڭ شىسەي تەرىپىدىن تۈرمىدە شېھىت قىلىنغان.

تېخىمۇ كۆپ مەلۇمات ئۈچۈن قاراڭ: يالقۇن روزى، «ئۇيغۇنىۋاتقان ئەجداد روھى»، شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى، ئۈرۈمچى 2013 - يىلى 1 - نەشرى، 358 - 398 بەتلەر.

سابىت ئىبنى ئابدۇلباقى، «شېرىك كالام»، تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى، ئىستانبۇل 2007 - يىلى 1 - نەشرى، X. -III بەت.

يۇنۇسبەگ[1]

خارىجىيە نازىرى (تاشقى ئىشلار مىنىستىرى): قاسىمجان هاجى[2]

مائارىپ نازىرى (مىنىستىرى): ئابدۇلكەرىمخان مەخدۇم[3]

---

[1] ئەسلى يۇرتى تۇرپاندىن بولۇپ، مۇسابايلارنىڭ دەۋتى بىلەن قەشقەرگە كېلىپ يەرلەشكەن. تۈركىيەلىك داڭلىق مائارىپچى ئەخمەت كامالنىڭ يېقىن كىشىسى بولۇپ خىزمەت قىلغان ۋە «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ئەسناسىدا، قەشقەر ۋالىيسى بولغان. «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن، 1944 ـ يىلىدىكى ئىنقىلابتا ئاكتىپ خىزمەت قىلغان.

خامادا ماسامى (ئۆمەرجان نۇرى تەرجىمىسى)، «شەرقىي تۈركىستان (شىنجاڭ) دا مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ تارقىلىشى» ئانا يۇرت ژۇرنىلى ـ 2014 ـ يىل 2 ـ سان، 47ـ27. بەتلەر.

ئەركىن ئەكرەم، «چەنتۇ ـ خىتاي مەنبەلىرىدە هازىرقى زامان ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى»، ئانا يۇرت ژۇرنىلى ـ 2013 ـ يىل 4 ـ سان، 46. بەت.

[2] ئەسلى يۇرتى خوتەن بولۇپ، 1910 ـ يىلى خوتەننىڭ ئىلچى يېزىسىدا هاللىق تىجارەتچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ تەلىمىنى خوتەندە ئالغان بولۇپ، قەشقەر، ئۈرۈمچى شەھەرلىرىدە ھەم سودا، ھەم ئىلىم تەھسىل قىلىش بىلەن بولغان. كېيىنچە تىجارىتىنى تۇرپانغا يۆتكەپ، شۇ جايدا تۇرۇپ قالغان ۋە خوجىنىياز هاجىمنىڭ مەشھۇر قوماندانى مەھمۇد مۇھىتىنىڭ قىزى رەھىمە خانىمغا ئۆيلەنگەن. خوتەندە ئىنقىلاب پارتلىغاندا، خوتەن مۇجاھىدلىرى بىلەن بىرگە جەڭگە قاتناشقان، كېيىن قەشقەردە قۇرۇلغان شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاشقى ئىشلار مىنىستىرى بولغان. 1934 ـ يىلى مۇھەممەد ئەمىن بۇغرا باشچىلىقىدىكى ئىنقىلابچىلار بىلەن بىرگە ھىندىستانغا ھىجرەت قىلغان. بۇ جەرياندا شەرقىي تۈركىستانغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدە ھەر خىل ماقالىلەرنى يازغان، خەلقئارا ئىسلام قۇرۇلتىيىنىڭ دائىمىي ئەزالىرىدىن بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا چاقىرىلغان ئىسلام قۇرۇلتايلىرىغا ئىشتىراك قىلغان. قاسىمجان هاجىم هاياتىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىنى پاكىستاننىڭ كاراچى شەھىرىدە ئۆتكۈزگەن بولۇپ، 1981 ـ يىلى شۇ يەردە ئالەمدىن ئۆتكەن.

https://www.rfa.org/uyghur/xewerler/tepsili_xewer/qasimjan_haji_12312010163816.html

[3] هاياتى ھەققىدە ئېنىق مەلۇمات يوق. بەزى مەنبەلەردە ئابدۇلكەرىمخان مەخدۇم، ئوسمانلى ئىمپېرىيەسىنىڭ ئاخىرقى سۇلتانى سۇلتان ئابدۇلئەزىزخاننىڭ چوڭ ئوغلى

## ھەربىيە نازىرى (مۇداپىئە مىنىستىرى): ئەسكەر ئەمرى ئورۇزبەگ[1] (قىرغىز)

## ئەۋقاف نازىرى (ۋەخپىلەر مىنىستىرى): شەمسىدىن تۇردى ھاجى[2]

---

سەلىم ئەپەندىنىڭ ئوغلى دەپ تىلغا ئېلىنماقتا.

http://www.gokbayrak.com/haberler/cin_istihbarati_osmanli_sehzadesi_abdulkerim_efendiyi_oldurttu

http://www.dogrulus.com/yazi/4805/DOGU_TURKISTANDA_SEHZADE_ABDULKERIM_EFENDININ_YETIMLERI.html

[1] ئەسلى قىرغىز بولۇپ، «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ئەسناسىدا قەشقەرنى ئىشغال قىلىپ تۇرۇۋاتقان تۇڭگان قوشۇنىنى تازىلاش ھەرىكىتىدە يۈسۈپجان قۇربېشى قوماندانلىقىدىكى ئۆزبېك قوشۇن بىلەن ھەمكارلىشىپ، قەشقەرنى ئازاد قىلغان ۋە كۈچلۈك تۆھپىلەرنى قوشقان.

http://www.uygur.biz/Tarih/1286

[2] شەمسىدىن تۇردى داموللام 1874 - يىلى ئاتۇشنىڭ تۆركۈل كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ تەھسىلىنى ئاتۇشتا تاماملىغان شەمسىدىن داموللام، قەشقەر خانلىق مەدرەسە ۋە بۇخارادىكى ئالىي ئىلىم يۇرتلىرىدا ئوقۇغان، ھىندىستان، ئەرەبىستاندىكى ئاتاقلىق ئالىملار بىلەن ئىلمىي سۆھبەتلەردە بولغان، ئۇلارنىڭ چوڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر بولغان. زامانىدا تىل - ئەدەبىيات، مەنتىق (لوگىكا)، ئاسترونومىيە، شېئىرىيەت، تارىخ، جۇغراپىيە، ماتېماتىكا قاتارلىق ئىلىملەردە كامالەتكە يەتكەن. داموللامنىڭ داڭقى تۈركىستانغا پۇر كەتكەن بولۇپ، 1910 - 1920 - يىللىرى شەمسىدىن داموللامنى پاناھ تارتىپ، ئۇنىڭغا شاگىرت بولۇش ئۈچۈن خوتەندىن مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، غۇلجىدىن تېيىپزات تاھىرى قاتارلىق مەشھۇر كىشىلەر ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەر خانلىق مەدرىسكە كېلىپ دەرس ئالغان. داڭلىق شائىر تەجەللى بىلەن ئالاھىدە يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان ھەم مۇشائىرە يېزىشىپ تۇرغان. شەمسىدىن داموللام ساۋاقدىشى ئابدۇقادىر داموللام بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىشىپ، خەلقىنىڭ جاھالەتتىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن بارلىقىنى پىدا قىلغان. مەتبىلى تەۋپىق ئەپەندىم، ھاجى قۇتلۇق شەۋقىي قاتارلىق مۇنەۋۋەر كىشىلەر بىلەن مەھمۇد كاشغەرىي ۋە «تۈركىي دىللار دىۋانى» ھەققىدە بەلگىلىك تەتقىقات ئېلىپ بارغان. ئەينى ۋاقىتتا شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش كۆزلىنىپ قۇرۇلغان «ئىستىقلال جەمئىيىتى» تەشكىلاتىنىڭ ئاكتىپ قوللىغۇچىلىرىدىن بىرى بولغان. شەمسىدىن داموللام ساۋاقدىشى سابىت داموللام خوتەن ئىنقىلابىدىن كېيىن قەشقەرگە كەلگەندە، يېقىندىن ياردەملىشىپ «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ئالاھىدە تۆھپە قوشقان. كۆرسەتكەن ئالىي خىزمىتى ۋە ئىلمىي قابىلىيىتىگە

ئەدلىيە نازىرى (مىنىستىرى): زىرىپ قارىھاجى[1]

زىرائەت ـ تىجارەت نازىرى (يېزا ئىگىلىك ۋە سودا ئىشلىرى مىنىستىرى): ئوبۇلھەسەن ھاجى مۇسابايوۋ[2]

---

ئاساسەن، 1933 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قەشقەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دۆلىتىنىڭ تۇنجى ھۆكۈمىتىدە ۋەخپىلەر مىنىستىرى بولغان. 1934 ـ يىلى 10 ـ ئايدا مارالبېشىدا كېسەل سەۋەبىدىن ۋاپات بولغان.

http://uyghurmuslim. com/news/2/www. kalbsadasi. com

http://uy. ts. cn/content/2008 _ 12/22/content_138508. htm

[1] مۇھەممەد زەرىف قەشقەرىي 1872 ـ يىلى ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەنت شەھىرىدە مەرىپەتپەرۋەر بىر ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. 15 يېشىدا ئائىلىسى بىلەن قەشقەرگە يەرلەشكەن زەرىف قارىھاجىم، تەپسىر ئىلمىگە ماھىرلىقى ۋە ئىنقىلاب يولىدىكى ھارماس غەيرىتى تۈپەيلىدىن خەلق ئارىسىدا «مۇپەسسىر، مۇجاھىد» دەپ نام ئالغان، ئىلمىي ۋە سىياسىي ساھەدە شەرقىي تۈركىستاندا نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ بارغان. شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش كۆزلىنىپ قۇرۇلغان «ئىستىقلال جەمئىيىتى» تەشكىلاتىنىڭ ئاكتىپ قوللىغۇچىلىرىدىن بىرى بولغان. كۆرسەتكەن ئالى خىزمىتى ۋە ئىلمىي قابىلىيىتىگە ئاساسەن، 1933 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قەشقەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دۆلىتىنىڭ تۇنجى ھۆكۈمىتىدە ئەدلىيە مىنىستىرى بولغان. بۇ جۇمھۇرىيەت ئاغدۇرۇلغاندىن كېيىن تۈرمىگە تاشلىنىپ، 1941 ـ يىلى قويۇپ بېرىلگەن ۋە ئىلىغا يەرلەشكەن. 1944 ـ يىلى ئىككىنچى قېتىم قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى» دىمۇ ئاكتىپ رول ئالغان ۋە شەرىئەت مەھكىمىسىنىڭ باش قازىلىقىغا تەيىنلەنگەن. ئۇيغۇرچە ۋە ئەرەبچە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان زەرىف قارىھاجىمنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئەسىرى، «تەپسىرى زەرىف»دۇر. ئۇ 1958 ـ يىلى 86 يېشىدا غۇلجىدا كېسەل بىلەن ۋاپات بولغان.

زەرىف قارىھاجىم قەشقەرى، «تەپسىرى زەرىف»، سۇتۇق بۇغراخان نەشرىياتى، ئىستانبۇل 2008 ـ يىلى 1 ـ نەشرى، 1 ـ جىلد، 7 ـ 8 . بەتلەر.

شېرىپ نىياز خۇشتار، «شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن شەخسلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى 2003 ـ يىلى 1 ـ نەشرى، 254 ـ بەت.

[2] ئوبۇلھەسەن ھاجى مۇسابايوۋ، ئاتۇشنىڭ ئىكساق كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. مۇساباي ھاجىم ئائىلىسى سودا ـ تىجارەت ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بىلەن تونۇلغان بىر ئائىلە ئىدى. دادىسى مۇساباي ھاجىم ئۇيغۇرلار ئىچىدىن دۇنياغا يۈزلىنىپ، سودا ـ سانائەت ۋە ئىگىلىك تىكلەش بىلەن بىرگە 19 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىلمىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي تارىخىدا ئۇنتۇلماس تۆھپىلەرنى، ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغان. مۇسا باي ھاجىمنىڭ ئوغلى ئوبۇلھەسەن ھاجىمۇ

## مالىيە نازىرى (مىنىستىرى): ئەلى ئاخۇنباي[1]

## ۋەكىللەر ھەيئىتى مەسئۇلى: ھاجى ئەلەم ئاخۇن[2]

## ھىپزى سەھھەت نازىرى (سەھىيە مىنىستىرى): ئابدۇللاھ خانىي[3]

---

دادىسى بىلەن ھەمكارلىشىپ خوتەن، يەكەن، قەشقەر، ئاقسۇ ۋىلايەتلىرىدىن خام ئەشيا سېتىۋېلىش ئىشلىرىغا، يەنە چەتكە ئېكسپورت قىلىش، ئىمپورت ماللىرىنى تارقىتىش ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى باشقۇرۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغان. دادىسى مۇسابايوف ھاجىم ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئوبۇلھەسەن ھاجىم شۆھرەت قازىنىدۇ. ۋەتەن ئازادلىقى ۋە خەلقىنىڭ جاھالەتتىن قۇتۇلۇشى ئۈچۈن بارلىقىنى پىدا قىلغان ئوبۇلھەسەن ھاجىم، ئابدۇقادىر داموللام قاتارلىق ئىلغار ئالىملار بىلەن بىرلىكتە داڭلىق ئالىملاردىن ئابدۇقادىر سامانىي، چىڭگىزخان داموللام، ئابدۇۋايىت ئاخۇن... قاتارلىق ياشلارنى چەتئەلگە ئەۋەتىپ ئوقۇتقان. ئوبۇلھەسەن ھاجى شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش كۆزلىنىپ قۇرۇلغان «ئىستىقلال جەمئىيىتى» تەشكىلاتىنىڭ ئاكتىپ قوللىغۇچىلىرىدىن بىرى بولغان ۋە 1933 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قەشقەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دۆلىتىنىڭ تۇنجى ھۆكۈمىتىدە يېزا ئىگىلىك ۋە سودا ئىشلىرى مىنىستىرى بولغان. كېيىنكى ھاياتى ھەققىدە مەلۇمات يوق.

https://ug.wikipedia.org

/http://qerindashlar.com/198/165

[1] ھاياتى ھەققىدە مەلۇماتقا ئىگە بولالمىدىم. بۇ ھەقتە مەلۇماتى بارلارنىڭ خىزمەت سۈپىتىدە كەمىنە بىلەن ئالاقىلىشىپ خەۋەر بېرىپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

[2] ھاياتى ھەققىدە مەلۇماتقا ئىگە بولالمىدىم. بۇ ھەقتە مەلۇماتى بارلارنىڭ خىزمەت سۈپىتىدە كەمىنە بىلەن ئالاقىلىشىپ خەۋەر بېرىپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

[3] ئابدۇللاھ خانىي، ئەسلى ئۆزبېكىستانلىق بولۇپ، «ئىستىقلال جەمئىيىتى» تەشكىلاتىنىڭ ئاكتىپ قۇرغۇچىلىرىدىن بىرى. ئەينى ۋاقىتتا قەشقەردە مۇسا تۈركىستانىي بىلەن بىرگە تاشكەنت ۋە كابۇل شىپاخانىسىدىن قېلىشمىغۇدەك دەرىجىدە تۇنجى بولۇپ «شىپاخانا / دوختۇرخانا» قۇرغان. ئابدۇللاھ خانىي كېيىنكى ۋاقىتتا «قىزىل ھىلال ئاي» جەمئىيىتىنىڭ مەسئۇلى بولۇپ سايلانغان. شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۆرسەت يۇقىرى خىزمەتلىرى ۋە دوختۇرلۇقتىكى قابىلىيىتى نەزەردە تۇتۇلۇپ، 1933 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قەشقەردە قۇرۇلغان «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دۆلىتىنىڭ تۇنجى ھۆكۈمىتىدە سەھىيە مىنىستىرى بولغان. ھاياتى ھەققىدە تولۇق مەلۇمات يوق.

مۇسا تۈركىستانى، «ئۇلۇغ تۈركىستان پاجىئەسى/كاشغەر سەھنىسىدە»، https://www elkitab.org/wp_content/uploads/2017/06/FAJIE.pdf.

# دۆلەتنىڭ قۇرۇلۇشىدىكى مەقسەت

## ھۆكۈمەتنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى

مەملىكىتىمىزدە، يۇرتلىرىمىزدا، شەھەر ۋە سەھرالاردا ئايلاردىن بېرى داۋام قىلىۋاتقان ھۆكۈمەتسىزلىك، ئۆزباشچىلىقلارنى دەرھال يوقۇتۇپ، تىنچلىق ۋە ئاسايىشلىقنى جارى قىلدۇرۇشتۇر. ئەسكىرىي، ھەربىي ۋە مۈلكىي ۋەزىپىلەر خالىس نىيەتلىك ۋە شۇنداقلا لاياقەتلىك كىشىلەرنىڭ قوللىرىغا تاپشۇرۇلىدۇ.

بارلىق يۇرتداشلىرىمىزنىڭ سىياسىي، دىنىي، مىللىي ۋە مەدەنىي ھوقۇقلىرى ھۆكۈمەتنىڭ زامىنلىقى (كېپىللىكى) ئاستىدىدۇر.

چېگراداش، قوشنا، ھەمسايە دۆلەتلەرنىڭ رەسمىي مەمۇر مەنسەپدارلىرى ۋە پۇقرالىرى تولۇق ئەمنىيەت (خاتىرجەملىك) ئىچىدە، ھەر بىرلىرىنىڭ مەشرۇ (قانۇنلۇق) ۋەزىپىسىنى داۋام قىلدۇرۇشى مۇمكىندۇر. ئەزەلدىن بېرى ھەمسايە دۆلەتلەرنىڭ ھېچبىرىگە قارشىلىق ۋە دۈشمەنلىك يول تۇتۇش خىيالىنى ئويلىمىغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ پاك تەبىئەت ۋىجدانلىرىغا تەرجىمان بولۇشنى

داۋام قىلىمىز. يەنى ئىلگىرىدىن تارتىپ ھەمسايە دۆلەتلەرگە ئالاقىدار مۇھەببەت ۋە دوستلۇقلىرىمىزنى ئىنشائاللاھ ۋۇجۇدقا چىقارتىمىز.

پۈتۈن ئۇلۇغ تۈركىستان ئۈچۈن ئاي - يۇلتۇزلۇق كۆك بايراق قوبۇل قىلىندى. ھەربىر يۇرتداشنىڭ مال، جان ۋە ئابرۇيىنىڭ ئەمنىيەت ئاستىدا بولغانلىقىغا، تىنچ ۋە خاتىرجەم بولۇپ، ئۆز ئىشى بىلەن مەشغۇل بولۇشى ۋە دۆلەتكە ئىتىماد ئېتىشى (ئىشىنىشى) نى تەلەپ قىلىمىز.

تەۋپىق ئاللاھتىن.

باش ۋەكىل: سابىت ئابدۇلباقى

بايانامە ئوقۇلغاچ نۆۋەت بىلەن تەبرىك سۆزلىرى قىلىندى. خۇشاللىقنى ئىزھار قىلىش ئۈچۈن قىرىق بىر قېتىم توپ ئېتىلدى. توپ ئېتىلغان ھامان شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىخىي مىللىي كۆك بايرىقى كۆتۈرۈلدى، ئاي يۇلتۇزلۇق مىللىي كۆك بايراق لەپىلدەپ ئۆتكەن تارىختىكى شان ۋە شەۋكەتلىك ھاكىمىيەت دەۋرلىرىنى يادلاندۇرۇپ (ئەسلىتىپ) تۇردى. دارىلمۇئەللىمىن تەلەبەلىرى (ئوقۇغۇچىلىرى) نىڭ:

*بايراقىمىز كۆك بايراق*
*ئوردىمىز ئالتۇن ئوردۇ،*
*تۈركىستان تۈركنىڭ يۇرتۇ،*
*تۈركنىڭ ئولاجاق (بولىدۇ).*

دەپ دەردلىك كۆڭۈللىرىمىزدىكى غايىلىرىنى يۇكسەك ئاۋاز بىلەن ساپ تۈرك تىلى ئارقىلىق سۆزلەپ تۇراتتى.

بۈگۈن يىغىلغان خەلقنىڭ روھى ھالىتى پۈتۈنلەي باشقىچە تۈس ئالغان ئىدى. خۇشاللىقىدىن كۈلۈپ تۇرغان چېھرلەر، ئۆزىنى توختىتالماستىن يىغلاپ تۇرغان شاد كۆزلەر: «يا ئاللاھ! بۇ سائادەتكە ئېرىشىدىغان مۇشۇنداق كۈنلىرىمىزمۇ بار ئىكەن. خۇدايى تائالاغا تۈمەن - تۈمەن شۈكۈر» دەپ مازى (ئۆتمۈش) نىڭ قارا تۇتقۇنلۇق دەۋرىگە لەنەت يوللاپ تۇرغان دەردكەشلەرنى كۆرۈپ تۇراتتى. خۇشاللىقىغا مەستۇ - مۇستەغرەق بولۇپ، ھەيرانلىق نەزىرى بىلەن نامايىشقا بارلىقى بىلەن بېرىلىپ قاراپ تۇرۇۋاتقان يۇرتداشلار بەك ئاز كۆرۈلىدىغان بىر ھالەتتە ئىدى. مىللىي مۇزىكىلارنىڭ چېلىنىپ تۇرغان، شادىيانە توپلارنىڭ گۈمبۈرلەپ ئېتىلغان چاغدىكى سادالىرى ئەتراپقا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تارقىتىلغان بايانىنامە نۇسخىلىرىنى خەلق گۇرۇھ - گۇرۇھ بولۇپ ئوقۇپ، بىر - بىرسىگە چۈشەندۈرۈپ تۇراتتى. خەلقنىڭ ئامىن! ئامىن! ئاۋازلىرى

كۆك گۈمبەزگە ئۆرلەۋاتاتتى.

نامايىشچى خەلق تۈمەن بويىدىن شەھەر ئىچىگە قاراپ سەلدەك ئېقىپ، ھېيتگاھ مەيدانىغا كېلىپ توختىدى، خىشلىق سارايىنىڭ ئۆگزىسىدىكى پەشتاقتا ناتىقلار تەرتىپ بىلەن نۇتۇق سۆزلىدى. ناتىقلار: باش ۋەكىل سابىت ئابدۇلباقى، قازى ئەسكەر مۇھەممەدجان ئاخۇن، ھىلال ئەھمەر (قىزىلئاي) جەمئىيىتىنىڭ كاتىپى مۇسا ئەپەندى قاتارلىق زاتلاردىن ئىبارەت ئىدى. ناتىقلارنىڭ نۇتۇقلىرى ئاساسەن دۆلەت قۇرۇلۇشىغا ئائىت مەزمۇنلار ئىدى.

## مەركەز قوماندان (باش قوماندان)

### مەركەز قوماندانىنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرى

مەركەز قوماندانى، مىللەتنىڭ مۇھاپىزىيىتى (ئامانلىقى) ئۈچۈن تۈرغان ئەسكەر باشلىقىدۇر.

ۋەزىپىلىرى:

يۇرتنى ئومۇمي راھەتلىككە ۋە تىنچلىق ـ خاتىرجەملىككە ئىگە قىلىشتۇر.

پولىس (ساقچى) ۋە ژاندارمىلار يوق يەرلەردە، ئۇ يەرنىڭ راھەت ۋە تىنچلىقى مەركىزىي قوماندانلىققا قارايدۇ.

بارلىق ئەسكەر باشلىقلىرى ۋە بارلىق خەلق ھۆكۈمەتنىڭ قانۇنىغا قارشى تۇرالمايدۇ.

ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قارارلاشتۇرۇلغان قانۇنغا قارشىلىق قىلغانلارغا ناھايىتى ئېغىر جازا بېرىلىدۇ.

مەركەز قوماندانى، قانۇنغا مۇۋاپىق ئىش قىلىدىغانلا بولسا، خەلق ۋە ئاھالىنىڭ ئىتائەت قىلىشى شەرت ۋە زۆرۈردۇر. ئەگەر مەركەز قوماندانى قانۇنغا خىلاپ ئىش قىلغان بولسا، خەلق ئۇلار ئۈستىدىن مەركەز ۋە باشقا

مىنىستىرلىقلارغا ئەرز ئارقىلىق ئەھۋال ئېيتسا بولىدۇ.

مەركىزىي قوماندانلىق بارلىق پۇقرالارنىڭ راھەت (تېپىشىغا) ۋە قىيىنچىلىقتىن (قۇتۇلىشىغا) كاپالەتلىك قىلىدۇ.

ئەسكەرلەر ئارىسىدا پۇقرالارغا ئازار، ئەزىيەت ۋە زۇلۇم قىلغانلار بولسا، مەركەز قوماندانى بار يەرگە ئېلىپ بېرىپ تەكشۈرۈلىدۇ. ئۇندىن كېيىن ئۇ ئىشنى قىلغان ئەسكەرلەرگە شەرىئەت قانۇنى بىلەن ئىنتايىن قاتتىق جازا بېرىلىدۇ.

شەرىئەت ھۆكمىگە ئۇنىمىغانلارغا ئېغىر جازا بېرىلىدۇ.

كېچىسى سائەت ئۇچتىن كېيىن كوچا - بازارلاردا بىكار يۈرگەن ئەسكەرلەر تۇتۇلسا، مەركەز قوماندانلىقى ۋە ئۆز باشلىقلىرى تەرىپىدىن قاتتىق جازا بېرىلىدۇ.

ئەسكەرلەر ئۆزىنىڭ كاتتىلىرىغا بويسۇنغىنىدەك قىلغىنىدەك، باشقا ئەسكەر باشلىقلىرىغىمۇ بويسۇنىدۇ ۋە ھۆرمەت قىلىدۇ.

ئەسكەرلەر ئۆزلىرىدىن ئۇستۇن مەرتىبىدىكىلەردىن ئىجازەتسىز كوچا ۋە بازارلارغا چىقالمايدۇ. ئەگەر ئىجازەتسىز چىقسا تۇتۇلۇپ، كاتتىلىرى تەرىپىدىن جازا بېرىلىدۇ.

بىكارغا ئوق ئاتقان ئەسكەرلەرگە، ھەربىي قانۇن بويىچە قاتتىق جازا بېرىلىدۇ.

ھەر قانداق كىشى (كىچە - كۈندۈز) نۆۋەتچى ئەسكەرلەر «توختا!» دېگەن ھامان توختىشى لازىم. ئەگەر توختىمىسا، نۆۋەتچىنىڭ ئېتىش سالاھىيىتى بار، نۆۋەتچى مەسئۇل بولمايدۇ.

شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنىڭ باش ۋەكىلى:

سابىت ئابدۇلباقى

## يېڭى تەينلەر

### بۇيرۇق سان: 1

52 - يىل 27 - رەجەب

شەرقىي تۈركىستان ھەربىيە نازىرى (مۇداپىئە مىنىستىرى) نىڭ پەرمانى ئالىيسى (ئالىي پەرمانى) بىلەن.

بۈگۈندىن باشلاپ ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ قۇرۇلغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، مىنىستىرلار قارارىغا بىنائەن مەن ئورازبەگ ئۆز ۋەزىپەم بولغان مۇداپىئە مىنىستىرلىقىغا ئولتۇرۇپ، ئۇشبۇ تارىختىن ئېتىبارەن ئىشقا باشلىدىم. بۇ كۈندىن تارتىپ بارلىق قوماندانلار، ئەسكەر باشلىقلىرى مېنى باش بىلىپ مېنىڭ ئىختىيارىم (باشقۇرۇشۇم) دا بولىدۇ، (ئۇلار) بارلىق پەرمانلىرىمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ ئەمرىمگە ئىتائەت قىلىشقا مەجبۇردۇرلار.

### بۇيرۇق سان: 2

باش ۋاكالەت (باش مىنىستىرلىق) نىڭ 15 - نومۇرلۇق پەرمانىغا ئاساسەن، سۇلتانبەك بەختىيارزادەنى ئۆزۈمگە مۇئاۋىن تەيىن قىلدىم. ئۇشبۇ كۈندىن ئېتىبارەن ئۆزىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ.

ئەسكەرلەرگە كىيىم-كېچەك، ئوزۇق-تۈلۈك ۋە ئەسكىرىي ئېھتىياجلارنى تەييارلاش، بارلىق ئەسكەرلەرنىڭ ۋە قوراللارنىڭ ھېسابىنى ئېلىش ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش ھەربىي ئىشلارغا ئائىت ئىشلارنى بەجا كەلتۈرۈش مەجبۇرىيىتى باردۇر.

## يارلىق سان:1

26 ـ رەجەب

24 ـ رەجەب تارىخىدىكى «مىللىي مىساق كېڭىشى»دە بولۇپ ئۆتكەن «قوماندانلار مەجلىسى»نىڭ 2 ـ سانلىق توختامنامىسىغا مۇۋاپىق ئاساستا، مەن غايىب قانىسىد ئوغلى يۈسۈپجان مەركىزىي قوماندانلىق خىزمىتىنى قوبۇل قىلىپ، تەشكىلى ۋەزىپىلىرىم بىلەن مەشغۇل بولۇشقا كىرىشتىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ھاكىمخان تۆرەم ئوغلى سەيىد قۇدرەتۇللاخاننى ئۆزۈمگە بىرىنچى مۇئاۋىن تەيىن قىلدىم. ئۇشبۇ كۈندىن باشلاپ تەشكىلى ۋەزىپىلىرىنى يۈرگۈزۈشكە تىرىشىدۇ.

مەركەز قوماندانى: يۈسۈپجان

ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن مەركىزىي ياساۋۇللۇققا مىڭبېشى قوماندان كىچىك بەگ تەيىن قىلىنغان بولۇپ، تەشكىلى ۋەزىپىلىرىنى يۈرگۈزۈشكە باشلىدى.

مەركىزى مۇئاۋىن ياساۋۇل باشلىقلىقىغا نىزامىدىن يۈزبېشى تەيىن قىلىندى.

«مىنىسىترلار ھەيئىتى»نىڭ 5 - سانلىق توختامىنامىسىغا ئاساسەن، شەرقىي تۈركىستان تىجارەت ۋە زىرائەت (يېزا ئىگىلىك) مىنىستىرلىقى بىرىنچى مۇئاۋىنلىقىغا ساتىغ داۋدى ئەپەندى تەيىن قىلىندى. مەزكۇر ئەپەندى تەشكىلى ۋەزىپىلىرىنى يۈرگۈزۈشكە غەيرەت قىلماقتا.

شەرقىي تۈركىستان ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقى مۇئاۋىنلىقىغا ئابدۇللاھ داموللا تەيىن قىلىندى. ئىككىنچى مۇئاۋىن ۋە مەركەز مۇدىرلىقىغا ئابدۇراھمان ئەپەندى تەيىنلەندى.

باش كاتىپلىققا مۆھتەرەم ئۇستاز موللا مۇسا ئەلەم تەيىنلەندى.

شەرقىي تۈركىستان ۋەخپلەر مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرلىقىغا سۇپىزادە تەيىنلەندى.

شەرقىي تۈركىستان مالىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرلىقىغا مەخدۇمزادە موللا مۆھەممەد ھاجى ئەپەندى تەيىنلەندى.

# ئىجتىمائىيات

## (ئىجتىمائىي مەسىلىلەر)

# اجتماعیات

# قانون اساسی

سنه ١٣٥٢ ـ یل ١٦ ـ بجی شعبان

شرقی ترکستان جمهوریتی غه باغیشلاب

تقلال جمعیتی نینک علمی هیئتی طرفدن ایشلانیب تقدیم قلنغان

## قانون اساسی

بسم الله الرحمن الرحیم

بدالله الذین امنوا منکم و عملوا الصالحات لیستخلفنهم فی الأرض کما

الذین من قبلهم و لیمکنن لهم دینهم الذی ارتضی لهم و لیبدلنهم

خوفهم امنا . یعبدوننی لایشرکون بی شیأ . و من کفر بعد

ولئك هم الفاسقون . قرآن حکیم .

## قانۇن ئاساسى (ئاساسىي قانۇن)

1352 - يىلى 16 - شەئبان (1933 - يىلى 12 - ئاينىڭ 4 - كۈنى).

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتىگە بىغىشلاپ، ئىستىقلال جەمئىيىتىنىڭ ئىلمىي ھەيئىتى تەرىپىدىن ئىشلىنىپ تەقدىم قىلىنغان.

## قانۇن ئاساسى (ئاساسىي قانۇن)

بسم الله الرحمن الرحيم

﴿وَعَدَ اللَّهُ الَّذِينَ آمَنُوا مِنكُمْ وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ لَيَسْتَخْلِفَنَّهُم فِي الْأَرْضِ كَمَا اسْتَخْلَفَ الَّذِينَ مِن قَبْلِهِمْ وَلَيُمَكِّنَنَّ لَهُمْ دِينَهُمُ الَّذِي ارْتَضَىٰ لَهُمْ وَلَيُبَدِّلَنَّهُم مِّن بَعْدِ خَوْفِهِمْ أَمْنًا يَعْبُدُونَنِي لَا يُشْرِكُونَ بِي شَيْئًا وَمَن كَفَرَ بَعْدَ ذَٰلِكَ فَأُولَٰئِكَ هُمُ الْفَاسِقُونَ﴾

### مۇقەددىمە

يۇرتداشلىرىمىزنىڭ ئومۇمىي ئىنتىباھلىرى (ئويغىنىشى) بەرىكىتىدىن شەرقىي تۈركىستاندا بۈيۈك مىللىي

ئىنقىلاب مەيدانغا چىقتى. بۇ ئىنقىلاب نەتىجىسىدە جانابى رەببۇلئالەمىن مېھرىبان ھەزرىتى ھەق سۇبھانەھۇ ۋەتائالانىڭ لۇتپى ۋە ئىنايىتى رەببانىيەسى بىلەن ۋە ئۇلۇغ داھىمىز، ئازادلىق كۈرەش مەيدانىنىڭ قەھرىمانى رەئىسى جۇمھۇر خوجىنىياز ھاجىم ھەزرەتلىرىنىڭ يولباشچىلىقى بىلەن ۋە يۇرتداش باتۇر مۇجاھىدلىرىمىزنىڭ ھىممەت، غەيرەت، ھەمىيەتى دىنىيەئى مىللىيەسى (دىنپەرۋەر ۋە مىللەتپەرۋەرلىكى) بىلەن، ھەم ئۇزۇن يىللاردىن بېرى قارا ئىستىبدات (ختاي) ۋەھشەتلىرىنىڭ ھەر تۈرلۈك دەرد ـ ئەلەملىرىگە چىدىيالمىغان يەرلىك مەزلۇملارنىڭ كۆككە ئۆرلىگەن ئاھۇ ـ زارلىرى، نالە ـ پىغانلىرى بىلەن بىرگە جانابى ھەقنىڭ دەرگاھى كىبرىياسىغا تۈمەن ـ تۈمەن ھەمد ـ شۈكۈرلەر بولسۇنكى، شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيەتى ئىسلامىيەسى (شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى) زۇھۇر قىلىپ، 57 يىلدىن بېرى ئۈمىد قىلىپ خۇدايىمىزدىن سوراپ يۈرگەن دىنىي، مىللىي ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇلدى.

ئۇشبۇ ئۇلۇغ ھەم بۈيۈك نېمىتى ئىلاھىيەنىڭ (ئاللاھ تائالانىڭ نېمىتى بولغان دۆلەتنىڭ) قۇرۇلۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن نىزامنامە تۈزۈلۈپ، جۇمھۇرىيەت ئىشلىرىنىڭ ئۇشبۇ نىزامنامە قائىدىلىرىگە مۇۋاپىق ئىجرا قىلىنىشى لازىم بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇنىڭغا ئاساسەن، مەركىزىي ئىستىقلال جەمئىيىتىنىڭ ئىلمىي ھەيئىتى تەرىپىدىن ئۇشبۇ نىزامنامە

تۈزۈلۈپ تەقدىم قىلىندى.

1 ـ ماددا

**نىزامنامىنىڭ قائىدىلىرى**

شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى ئىسلام شەرئىتى ئاساسىدا قۇرۇلغان بولۇپ، بەخت ۋە سائادىتىمىزنىڭ مەنبىئى ۋە قىيامەت كۈنىگىچە ئۆزگەرمەيدىغان ۋە ئۆزگەرتىلمەيدىغان قانۇنى ئىلاھى بولغان قۇرئان ھەكىمىنىڭ ھۆكمى بىلەن ئەمەل قىلىنىدۇ.

2 ـ ماددا

شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى، جۇمھۇرىيەت ئۇسۇلى بىلەن قۇرۇلغان بولۇپ، خەلقىنىڭ راھەتتە بولۇشى ۋە مىللەتنىڭ دىنىي، مىللىي، مەدەنىي، ئىقتىسادىي ئىشلىرىنىڭ ئىزىغا چۈشۈرۈلۈشى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مىللەتنىڭ تەلەپ ۋە ئارزۇلىرىنى ئورۇنداش ئۈچۈن نەنجىڭ ھۆكۈمىتى ۋە خەلقئارا مىللەتلەر ئىتتىپاقى جەمئىيەتلىرىگە مۇراجىئەت قىلىپ، ئىستىقلالنى قولدا تۇتۇش ئۈچۈن قولدىن كېلىدىغان بارلىق قەتئىي چارە ـ تەدبىرلەرنى ئىلىپ بارىدۇ.

3 ـ ماددا

**مەركەزنىڭ قۇرۇلۇشى**

دۆلەت ئىدارىسىنىڭ مەركىزىدە (ئەمرۇلمۇئمىنىن)

رەئىسى جۇمھۇر (دۆلەت رەئىسى) ھەزرەتلىرى ئولتۇرۇپ، ھۆكۈمەتنى ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئەھكامىغا مۇۋاپىق ئىدارە قىلىدۇ.

4 ـ ماددا

دۆلەت خەلقچىلىق، ئامىچىلىق (كۆپچىلىك)، مەشۋەرەت ۋە مەسلىھەت ئاساسىدا قۇرۇلغان بولۇپ، مىللەتنىڭ ئېھتىياجلىرىنى ئورۇنداش ۋە مىللەتنىڭ ئەرز ـ دادلىرىنى ئاڭلاش مىللەتنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن بولىدۇ (دۆلەت سايلام ئارقىلىق پارلامېنتقا كەلگەن ۋەكىللەر بىلەن ئىدارە قىلىنىدۇ).

5 ـ ماددا

**نازارەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشى**

دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ئۇچۇن مەركەزدە (ئەمرۇلمۇئمىنىن) ھەزرەتلىرىنىڭ رىياسىتى ئاستىدا نازىرلار (مىنىستىرلار) ھەيئىتى تەشكىل قىلىنىپ، ئۇشبۇ ھەيئەتنىڭ ئۈستىدە سەدرىئەزەم (باش ۋەزىر) ماقامىدا باش ۋەكىل تەيىن قىلىنىدۇ. باش ۋەكىلنىڭ يېنىدا ئىككى نەپەر مۇئاۋىنى بولىدۇ.

**نازىرلار**

1. دىنىيە ئەدلىيە (دىنىي ۋە ئەدلىيە مىنىستىرى).

2. ھەربىيە (مۇداپىئە مىنىستىرى).

3. مالىيە (مالىيە مىنىستىرى).

4. خارىجىيە (تاشقى ئىشلار مىنىستىرى).

5. داخىلىيە (ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى).

6. تىجارەت ۋە زىرائەت (سودا ۋە يېزا ئىگىلىك مىنىستىرى).

7. مائارىپ (مائارىپ مىنىستىرى).

8. ئەۋقاف (ۋەخپىلەر مىنىستىرى).

9. سىھھىيە (سەھىيە مىنىستىرى) نازىرلىرىدىن ئىبارەت ھەممىسى توققۇز (9) نازارەتتۇر.

توققۇز نازارەت ئىككى ئايرىم بۆلۈمگە ئايرىلىدۇ.

1 ـ بۆلۈم ـ مۈلكىي (مەمۇرىي)، ئىدارىي بۆلۈم بولۇپ، ئۇلار:

1. ھەربىيە (مۇداپىئە مىنىستىرى).

2. خارىجىيە (تاشقى ئىشلار مىنىستىرى).

3. داخىلىيە (ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى).

4. دىنىيە ئەدلىيە (دىنىي ۋە ئەدلىيە مىنىستىرى).

5. ئەۋقاف (ۋەخپىلەر مىنىستىرى) نازارەتلىرىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇشبۇ بۆلۈمنىڭ ئۈستىدە باش ۋەكىلنىڭ بىرىنچى مۇئاۋىنى تۇرىدۇ.

2 ـ بۆلۈم ـ مەدەنىي، ئىجتىمائىي بۆلۈم بولۇپ، ئۇلار:

1. مالىيە (مالىيە مىنىستىرى).

2. تىجارەت ۋە زىرائەت (سودا ۋە يېزا ئىگىلىك مىنىستىرى).

3. مائارىپ (مائارىپ مىنىستىرى).

4. سىھھىيە نازارەت (سەھىيە مىنىستىر) لىرى كىرگەن بولۇپ، بۇ بۆلۈمنىڭ ئۈستىدە باش ۋەكىلنىڭ ئىككىنچى مۇئاۋىنى تۇرىدۇ.

6 ـ ماددا

## رەئىسى جۇمھۇر (دۆلەت رەئىسى) نىڭ ۋەزىپىلىرى

1 ـ شەرقىي تۈركستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى جۇمھۇرى ـ دىن، ممللەت، ۋەتەننىڭ بىخەتەرلىكى، تىنچلىقى، تەرەققىي قىلىشى ۋە يۈكسىلىشى ئۈچۈن رەھبەرلىك قىلغۇچى، ھۆكۈمەتنىڭ بۈيۈك ئاتىسى، ئالىي ئەمىرى، ھەمدە باش قوماندانىدۇر.

2 ـ رەئىسى جۇمھۇر ھەزرەتلىرى، مىللەت مەجلىسى (پارلامېنت) تەرىپىدىن تۆت (4) يىللىق سايلىنىدۇ. لېكىن بۈگۈنكى رەئىسى جۇمھۇرىمىز ئىسلام دىنىنىڭ، ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ ئازادلىقى يولىدا قەھرىمانلىق بىلەن كۈرەش قىلىپ، ئىستىقلالىمىزنى ئالغان جانابى خوجىنىياز ھاجىم ھەزرەتلىرى پۈتۈن ھاياتى بويىچە شەرقىي تۈركستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئۆمۈرلۈك، دائىمىي رەئىسى جۇمھۇرى

بولۇشى بارلىق مىللەت ھەم ئەسكەرلەر نامىدىن قەتئىي قوبۇل قىلىنىدۇ.

3 ـ دۆلەتنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن رەئىسى جۇمھۇر ھەزرەتلىرى سەدرىئەزەم، باش ۋەكىل تەيىن قىلىپ، نازىرلار ھەيئىتىنى تەستىقلايدۇ.

**ئىزاھات**

مىللەت مەجلىسى (پارلامېنت) يىغىلغان ۋاقىتدا، باش ۋەكىل ۋە نازىرلار رەئىسى جۇمھۇر تەرىپىدىن مىللەت مەجلىسىنىڭ تەستىقلىشىغا سۇنۇلىدۇ.

رەئىسى جۇمھۇر نازىرلار ھەيئىتىنىڭ توختاملىرى (كېلىشىملىرى) نى تەستىقلايدۇ، تەستىقلانمىغان ئەھۋالدا يېڭىباشتىن ئۇشبۇ توختامنى كۆرۈپ چىقىشى ئۈچۈن نازىرلار ھەيئىتىگە تەكلىپ سۇنىدۇ.

رەئىسى جۇمھۇر بىلەن باش ۋەكىل ھەم نازىرلار ھەيئىتى ئوتتۇرىسىدا نىزا چىقىپ قالسا، باش ۋەكىل ئىستېپا بېرىدۇ. رەئىسى جۇمھۇر يېڭىباشتىن ۋەكىل تەيىن قىلىپ، يېڭى نازىرلار ھەيئىتى تەشكىل قىلىدۇ.

رەئىسى جۇمھۇر خارجىيە نازىرىنىڭ ھۇزۇرىدا شەرقىي تۈركىستانغا يېڭىدىن تەيىن قىلىنغان خارجى دۆلەتلەرنىڭ ئەلچى، ۋەكىل ۋە ھەيئەتلىرىنى رەسمىي قوبۇل قىلغان ۋاقىتدا، ئۇلارنىمۇ قوبۇل قىلىدۇ.

رەئىسى جۇمھۇر بارلىق ئەسكەرلەرنىڭ ئالىي باش قوماندانى بولغانلىقى ئۈچۈن، باش ۋەكىل ھەم ھەربىيە نازىرنىڭ ۋاستىسى بىلەن شەرقىي تۈركىستان ئوردىسى (ئارمىيەسى) نى باشقۇرىدۇ.

شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى مەسلىھەت ۋە مەشۋەرەت (كېڭەش) ئاساسىدا قۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، رەئىسى جۇمھۇر ھەزرەتلىرى باش ۋەكىل (مىنىستىر) ۋە نازىرلار ھەيئىتىنىڭ ئىتتىپاقلىرى بىلەن ھاسىل بولغان توختاملاردا كۆپچىلىكنىڭ توغرا رايى (پىكرى) نى تەكىتلەيدۇ ۋە تەستىقلايدۇ.

7 ـ ماددا

## باش ۋەكىلنىڭ ۋەزىپىلىرى

باش ۋەكىل بارلىق نازىرلارنىڭ باشلىقىدۇر. ئۇنىڭ ئۈچۈن، ھەربىر نازىرنىڭ ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل بولۇش (ئۇنىڭغا ئارىلىشىش) ھەققىگە (ھوقۇقىغا) ئىگىدۇر. باش ۋەكىل «ۋەكىللەر ھەيئىتىنىڭ رەئىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

باش ۋەكىل ھەپتىدە بىر كۈن، پەۋقۇلئاددە ئەھۋاللاردا ۋە زۆرۈر تېپىلغاندا نازىرلارنى يىغىلىشقا چاقىرىدۇ.

بۇ يىغىلىشلار «ھەيئىتى نازىرلار» ياكى «نازىرلار ھەيئىتى» يىغىلىشى دېيىلىدۇ.

ھۆكۈمەتنىڭ بارلىق ئىشلىرىنىڭ ئاساسلىق يوللىرى بۇ يىغىنلاردا مەسلىھەت قىلىنىدۇ. توختاملار تۈزۈلىدۇ. بۇ توختاملارغا «ۋەكىللەر ھەيئىتىنىڭ توختامى» دەپ نام قويۇلىدۇ. ئەگەر بۇ توختاملار مىللىي مەجلىسكە سۇنۇلۇپ كۆپچىلىك مۇۋاپىق كۆرسە، ئۇ ۋاقىت نازىرلار ھەيئىتىنىڭ توختاملىرى قانۇن بولىدۇ. مىللىي مەجلىس بولمىغان ۋاقىتلاردا بولسا، توختاملار رەئىسى جۇمھۇرغا سۇنۇلىدۇ. رەئىسى جۇمھۇر ياكى ھۆكۈمدار نازىرلار ھەيئىتىنىڭ توختاملىرىنى مۇۋاپىق كۆرسە، يەنە قانۇن بولىدۇ. ۋەكىللەر ياكى نازىرلار ھەيئىتىنىڭ توختاملىرى «نىزامنامە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

## مۈلكىي، ئىدارىي بۆلۈم

8 ـ ماددا

دىنىيە ئەدلىيە نازارىتى (دىنىي ۋە ئەدلىيە مىنىستىرلىقى) نىڭ ۋەزىپىلىرى:

دۆلەت ـ ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئالىي ئاساسلىرى ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، دىنىي ئەدلىيە نازارىتى تەسىس قىلىنىدۇ.

ئەدلىيە نازىرى «شەيخۇل ئىسلام» ماقامىدا بولىدۇ.

ئەدلىيەنىڭ يېنىدا دىنىي بۆلۈم بولۇپ، بۇ بۆلۈمگە «بابۇتتەقۋا» (تەقۋا مەركىزى) نام بېرىلىدۇ، بۇنىڭ بېشىدا

مۇپتى تۇرىدۇ.

ئەدلىيە نازارىتى، تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە مەھكىمە بىلەن ھۆكۈمەت ئوتتۇرىسىدىكى بىر رابىتە (ئالاقە) ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. چۈنكى، تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە ھاكىملار ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلىنىلمايدۇ. باش مۇددەئى ئۇمۇمىي (باش مۇپەتتىش)، «ئەدلىيە نازىرى (شەيخۇل ئىسلام)» ۋە يۇقىرى مەھكىمىنىڭ «قازىيۇلقۇزاتى (قازىكالان)» نىڭ مەئقۇل (ئەقىلگە ئۇيغۇن) كۆرۈشى بىلەن مەھكىمىلەرنىڭ رەئىسلىرى تەيىن قىلىنىدۇ. شەرئىيەت مەھكىمىلىرى ھاكىملىرى (سوتچىلىرى) نى، يەنى قازىلارنى ئەدلىيە نازارىتى ئۆزى تەيىن قىلىدۇ. ئەدلىيە نازارىتى ئۆزىنىڭ مۇپەتتىشلىرى ئارقىلىق ئىشلارنىڭ ئادالەت بىلەن ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن تەدبىرلەرنى ئېلىشى لازىمدۇر.

ئەدلىيە نازارىتى مەملىكەتنىڭ قانۇنلىرىنى شەرئىيەتنىڭ قانۇن ھۆكۈملىرىگە تەتبىقلاش ئۈچۈن نازارەتچىلىك ئىشلىرىنىمۇ ئۈستىگە ئالىدۇ.

سىھھى (پاكىز) ۋە مەدەنىي (تەرتىپلىك) شارائىتلارغا ئىگە، مەھبۇسلارنىڭ ئەخلاقلىرىنى تۈزىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان تۈرمىلەرنى تەسىس قىلىش ئەدلىيە نازارىتىنىڭ ۋەزىپىلىرىدۇر.

9 ـ ماددا

## مۇداپىئە مىنىستىرىنىڭ ۋەزىپىلىرى

مۇداپىئە مىنىستىرىنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى مەملىكەتنى تاشقى دۈشمەنلەردىن مۇداپىئە قىلىشقا يارايدىغان ئوردا (مۇنتىزىم ئارمىيە)نى مەيدانغا كەلتۈرۈشتۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىرىنچى بولۇپ ھەربىي مەكتەپ تەسىس قىلىدۇ ۋە بۇ مەكتەپنى ھەربىي مەكتەپتە ياخشى تەلىم ئالغان ۋە چەت ئەلدىن تەكلىپ قىلىنىدىغان مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئاچىدۇ. ھەربىي قوشۇنغا كېرەكلىك بولغان ئەسكىرىي قورال - ياراغلار ئۈچۈن كارخانا ۋە زاۋۇتلارنى قۇرىدۇ. چەت دۆلەتلەرنىڭ ئەسكىرى تەييارلىقلىرىنى ۋە نىيەتلىرىنى ئۇقۇپ تۇرۇش ئۈچۈن ئەسكىرى مۇلھەق تەيىن قىلىدۇ.

ھازىرقى ۋەزىيەتتە شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە، خارىج (چەت) دىن ھەربىي قوشۇننى ئىسلاھ قىلىدىغان بىر ھەيئەت ئەكىلىشتۇر. بۇ ئىسلاھ ھەيئىتى پىيادە (قۇرۇقلۇق)، سۇۋارى (ئاتلىق)، بومباردىمانچى، ئېغىر تىپتىكى ئاپتوماتىك قوراللارنى ئىشلىتەلەيدىغان ئۇچقۇچى، تانكىچى ۋە ماشىنا مۇئەللىملىرىگە ئوخشاش مۇتەخەسسىسلەردىن ئىبارەتتۇر. بۇلاردىن باشقا ئالاھىدە خىمىيەۋى زەربە بېرىش ۋە مۇداپىئە قىلىش ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىسلەرنى ۋە لازىملىق ئەسلىھەلەرنى كەلتۈرۈش ۋە ھازىر قىلىشتۇر.

10 ـ ماددا

## خارىجىيە نازارىتىنىڭ ۋەزىپىلىرى

تاشقى ئىشلار نازارىتى ئەجنەبىي دۆلەتلەرگە ۋەكىللەر تەيىن قىلىدۇ. ئۇشبۇ ئەلچىلەرگە ئەجنەبىي دۆلەتلەرنىڭ چوڭلۇقىغا ياكى سىياسىي ئەھمىيىتىگە قاراپ «بۈيۈك ئەلچى» ياكى «ئوتتۇرا ئەلچى» دەپ نام بېرىلىدۇ. ئەلچىلەر تەرىپىدىن پايتەختلەرنىڭ سىرتىدىكى باشقا مۇھىم شەھەرلەرگە كونسۇل تەيىن قىلىنىدۇ. ھەر قايسى ئەجنەبىي دۆلەتتىكى كونسۇللار ئۇ جايدىكى ئەلچىدىن تەلىمات ئالىدۇ. ئەلچىلەر بولسا، تاشقى ئىشلار نازىرىدىن ئەمىر ۋە تەلىمات ئېلىپ تۇرىدۇ. كونسۇللارنىڭ ئەڭ چوڭ ۋەزىپىسى چەتئەلدە تۇرۇۋاتقان تابىئەلىرىمىز (پۇقرالىرىمىز) نىڭ ھەق - ھوقۇقىنى قوغداش ۋە يول خەتلىرى (پاسپورتلىرى) نى تەنزىم قىلىشتۇر (بېجىرىشتۇر). تاشقى ئىشلار نازارىتىنىڭ يەنە بىر مۇھىم ۋەزىپىسى، ئەجنەبىي دۆلەتلەر بىلەن بولىدىغان سىياسىي ياكى سودا - تىجارەت كېلىشىملىرىنى تەييارلاش ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەجنەبىي دۆلەتلەر بىلەن مۇزاكىرىلەرنى ئۆتكۈزۈشتۇر.

چەتئەلدە پۇقرالىرىمىزنىڭ، تابىئەلىرىمىزنىڭ ھەق - ھوقۇقى دەپسەندە قىلىنىپ دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىسا، دەرھال تاجاۋۇز قىلغان تەرەپنىڭ ھۆكۈمىتىگە نارازىلىق

بايان قىلىشقا ئوخشاش ئىشلارنىمۇ قىلىدۇ.

تاشقى ئىشلار نازارىتىنىڭ مەملىكەت ئىچىدىكى ئىشلاردا ھېچقانداق ئىشى يوقتۇر. پەقەت ئافغانىستاندا پاسپورت ۋە يول خېتى ئىشلىرى بىلەنمۇ مەشغۇل بولىدۇ. باشقا مەملىكەتلەرگە، مەملىكىتىدىن چەتئەلگە ساياھەت قىلغۇچى يۇرتداشلىرىمىزنىڭ يول خەتلىرىنى ياساۋۇل (قوراللىق خادىم) دائىرىلىرى بېجىرىدۇ ۋە شەھەر ۋالىيسى تەرىپىدىن تەستىق قىلىنىدۇ.

11 ـ ماددا

## داخلىيە نازارىتىنىڭ ۋەزىپىلىرى

بولۇپمۇ يېڭى قۇرۇلغان دۆلەتلەردىكى ئەڭ مۇھىم نازارەت، ئىچكى ئىشلار نازارىتىدۇر.

قىلىدىغان ئىشلىرىنىڭ بىرىنچىسى ۋىلايەتلەرگە «ۋالىي» تەيىن قىلىش.

ۋىلايەتلەردىكى ۋالىيلار بارلىق مەمۇرلارنىڭ بېشىدۇر، (ۋالىيلار) گويا ۋىلايەتلەردىكى باش ۋەكىلىنىڭ ئورنىدىدۇر.

پۈتۈن يۇرتتا تىنچلىق ۋە ئاسايىشلىقنى ساقلاش ئىشلىرىنى ئورۇندايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، پۈتۈن يۇرتتا ھەممە ئىشتىن بۇرۇن ياساۋۇل (قوراللىق خادىم) قوۋۋىتى ۋە ساقچىلار كۈچىنىڭ مەيدانغا كېلىشىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

ياساۋۇللار ۋە ساقچىلارنىڭ ۋەزىپىلىرى بىردۇر. پەقەت ياساۋۇللار شەھەردە، ساقچىلار ناھىيە ۋە كەنتلەردە ئىش ئېلىپ بارىدۇ. ياساۋۇل ۋە ساقچىلار بىۋاستە ۋالىيلارنىڭ بۇيرۇقى ئاستىدا بولىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ يارلىقلىرىنى ئىجرا قىلىدىغان ۋە يۈرگۈزىدىغان كۈچلەردۇر. مەسىلەن: ھەر قانداق بىر جىنايەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، جىنايەت سادىر قىلغان كىشىلەرنى تۇتۇش ياكى بىر مەھكىمىنىڭ توختام خەتلىرىنى ئۇلاشتۇرۇش ياكى ئاڭلىتىش، چېگرادىن مەملىكەت ئىچىگە كىرىدىغان يەرلىك ياكى چەتئەللىك يولۇچىلارنىڭ يولخەت ياكى ۋەسىقە (تونۇشتۇرۇش) لىرىنى تەكشۈرۈش، مەملىكەت ئىچىدىكى شۈبھىلىك كىشىلەرنىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىپ ۋە بىلىپ تۇرۇشمۇ ئىچكى ئىشلارنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرى ئىچىگە كىرىدۇ. ياساۋۇل كۈچلەر ۋە ساقچىلار بولمىغان يەرلەردە بۇ ئىشلار ۋاقتىنچە ئەسكەرلەرگە تاپشۇرۇلىدۇ.

داخىلىيە نازارىتى پوچتىلار قۇرىدۇ ۋە پوچتا ئىدارىسى تەسىس ۋە تەشكىل قىلىدۇ. پوچتىلار مەملىكەتنىڭ ھەممە جايلىرىغا يوللايدىغان نەرسىلەرنىڭ توشۇغۇچىلىقنى ۋە توشۇش ۋاستىلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ باشقۇرىدۇ.

ۋىلايەتلەر چېگرالىرىنى ۋە رايونلارنى بېكىتىش ۋە چېگرالاندۇرۇش ئىشلىرىغا ئالاقىدار لاھىيەلەرنى تۈزىدۇ ۋە تۈزۈلگەن لاھىيەلەرنى نازىرلار ھەيئىتىگە سۇنىدۇ.

مەملىكەتنىڭ يوللىرىنى يېڭىدىن ئېچىش ياكى يوللارنى ئوڭشاشمۇ داخىلىيە نازارىتىنىڭ ۋەزىپىلىرى ئىچىگە كىرىدۇ.

داخىلىيە نازارىتىنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىدىن بىرسى «جان رويخەت»تۇر. ھەر يۇرتداشنىڭ قولىغا بىر نوپۇس تەزكىرىسى (كىملىك) بەرمەي تۇرۇپ، بۇنداق بىر ھۆكۈمەتكە ھۆكۈمەت نامى بېرىلمەيدۇ ھەم مۇناسىپمۇ بولمايدۇ. ئەملاك (ئۆي ـ مۈلۈك)، يەر ـ مۈلۈكلەرنىڭ چېگرالىرىنى بېكىتىپ، مۈلكىيەت ھۆججەتلىرى (يەر خېتى) بېرىش داخىلىيە نازارىتىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرى جۈملىسىدىندۇر.

12 ـ ماددا

### ئەۋقاف نازارىتىنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرى

ئەۋقافى ئىسلامىيە، ۋەخپە قىلىنغان نەرسىلەرنى غايە ـ مەقسەتلىرىگە ئۇيغۇن قوللاندۇرۇش، ۋەخپە ماللىرىنى يوق ۋە زايە بولۇپ كېتىشتىن ساقلاپ قىلىش، ۋەخپە دارامەتلىرىنى مەكتەپ ـ مەدرىسلەرنىڭ يېڭىلىنىشىغا ۋە مائارىپنىڭ ھىمايىسىگە تەخسىس قىلىشتۇر (ئاجرىتىشتۇر).

بۇنىڭ ئۈچۈن، بىرىنچى بولۇپ تۈركىيەنىڭ ۋە مىسىرنىڭ ۋەخپىلەر تەشكىلاتىغا ئائىت تەرتىپ ۋە نىزاملارنى تەكشۈرۈپ، ئۇ تەرتىپ ـ نامىلەرگە قاراپ، شارائىتقا مۇۋاپىق قائىدىلەرنى بەلگىلەپ قويۇپ چىقىشتۇر. تۈزۈلگەن

قائىدىلەرگە ئاساسەن، ئەۋقاف نازارىتىگە ۋەخپە ئىشلىرىنى يۈرگۈزۈشكە ئالاقىدار مەخسۇس نىزامنامە چىقىرىلىدۇ.

## مەدەنىي، ئىجتىمائىي بۆلۈم

13 ـ ماددا

### مالىيە نازارىتىنىڭ ۋەزىپىلىرى

مالىيە نازارىتىنىڭ بىرىنچى ۋەزىپىسى ھۆكۈمەتنىڭ دارامەتلىرى (كىرىم، تاپاۋەتلىرى) نى تېپىش ۋە بەرامەتلىرى (مائاشلىرى) نى بېرىشتۇر.

ھۆكۈمەتنىڭ دارامەتلىرى ئىككى خىلدۇر: بىرىنچىسى بىۋاستە دارامەت، ئىككىنچىسى ۋاستىلىك دارامەتتۇر.

بىۋاستە دارامەتلەر؛ زاكات، ئۆشۈر ۋە باشقىلاردۇر.

ۋاستىلىق دارامەتلەر؛ چەت ئەلدىن مەملىكىتىمىزگە كىرىدىغان ماللارنى ساتقۇچىدىن ئېلىنىدۇ. بۇ دارامەتلەر گۇمرۇك (چېگرا ئېغىزى) ئارقىلىق كىرگەنلىكى ئۈچۈن «گۇمرۇك دارامەتلىرى» دېيىلىدۇ. ھۆكۈمەتنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ ۋە چەت دۆلەتلەر بىلەن بولغان كېلىشىمگە قارىتا دارامەتلەر كۆپەيتىلىدۇ ياكى كېمىيىدۇ.

مالىيە نازارىتى ئېھتىياجغا قاراپ خەلققە تەكلىپ قىلىنىدىغان (ئارتىلىدىغان) يېڭى ۋەرگى (باج) لايىھەلىرىنى تەييارلايدۇ. لايىھەلەرنى قانۇن قۇتىسى (قانۇن ھالىتىگە)

كىرگۈزۈش ئۈچۈن، چارە ـ تەدبىرلەر يولغا قويىدۇ. يەنە ئېھتىياجقا ئاساسەن، باجنى كەچۈرۈۋېتىش ياكى ئۆزگەرتىش قاتارلىق ئىشلارنى نازىرلار ھەيئىتىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئېلىپ بارىدۇ.

يېڭىدىن پۇل چىقىرىش ئىشلىرىغا ئالاقىدار ئىشلارمۇ مالىيە نازارىتىنىڭ ۋەزىپىلىرىدىندۇر. مالىيە نازارىتىنىڭ ھەر يىلنىڭ بېشىدا ھازىرلايدىغان دارامەتلەر ۋە بەرامەتلەر ھېسابنامىسى «بۇتچە» دەپ ئاتىلىدۇ، يەنى «مىزانىيە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. مىزانىيەسى بولمىغان، يەنى دارامەتلەر ۋە بەرامەتلىرى بولمايدىغان ھۆكۈمەت بولمايدۇ.

14 ـ ماددا

### تىجارەت ۋە زىرائەت نازارىتىنىڭ ۋەزىپىلىرى

پاختا تېرىقچىلىقى، يىپەكچىلىك، گىلەمچىلىك، يۇڭ، تېرە، قول سانائەت ۋە ھەر تۈرلۈك توقۇمىچىلىق، كانلار، مەملىكەتنىڭ ھايۋاناتلىرى، چارۋا ۋە بۇنىڭغا ئوخشىغان مەملىكەتكە بايلىق ئېلىپ كېلىدىغان ھەر خىل ئىقتىساد ئىشلىرىنى تەرتىپكە سالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، بىرگە يىپەك پىلىسى (غوزىسى) نى ياخشىلاش، پاختا ئۇرۇقىنى ياخشىلاش، گۈرۈچ ۋە دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى يېڭى، زامانىۋى ئالەت (ئۇسكۇنە) ئەسۋاب ماشىنىلىرى بىلەن يېڭىلاشتۇرۇش ۋە بۇنىڭ ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ھەر خىل زىرائەت ۋە سودا ئىشلىرىغا چەت ئەلدىن

مۇتەخەسسىس كەلتۈرمەكتۇر.

15 ـ ماددا

## مائارىپ نازارىتىنىڭ ۋەزىپىلىرى

مائارىپ نازارىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن قىلىدىغان بىرىنچى ئىشى ئىپتىدائىي (باشلانغۇچ) مەكتەپلەرنى ئېچىشتۇر. ئېچىلىدىغان مۇنتىزىم باشلانغۇچ مەكتەپلەردە ھازىرچە ئوقۇش ۋە يېزىشنى بىلىدىغان، ھېساب (ماتېماتىكا) ۋە ھەندەسە (گېئومېترىيە)، خۇسۇسەن دىنىي ۋە ئېتىقادىي دەرسلەرنى ئۆگىتىدىغان مەلۇماتى مىللىيە ۋە ۋەتەنىيەلەر (ۋەتەن ۋە مىللەت توغرىسىدا مەلۇماتقا ئىگە ئوقۇتقۇچىلار) نىڭ سەۋىيەسى، تارىخ ۋە ئەخلاق قاتارلىق ئاددىي دەرسلەرنى ئۆگىتەلەيدىغان بولسا كۆپايە قىلىدۇ. مەدرىسلەردە ئۇلۇمى دىنىيە (دىنىي ئىلىملەر)، ئەقىدە ۋە فىقھە بىلەن بىرگە باشقا مەنپەئەتلىك ئىلىملەرنىڭ دەرس ۋە تەلىم قىلىنىشىنى تەمىن ۋە تەپتىش قىلىش، ئەھۋالغا قاراپ مەدرىسلەرنىڭ بىرىنى ياكى كۆپرەكىنى «تەرتىپنامە» (دېگەن نام) ئاستىدا ئوقۇتىدىغان «ئىسلاھ مەدرىسلىرى» قۇرۇش، ئۇنىڭغا لايىق مۇدەررىس (ئوقۇتقۇچى) ۋە مۇئەللىم بەلگىلەش، ئىستېداتلىق تەلەبەلەرنى تەمىن قىلىشتۇر.

مائارىپ نازارىتى مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەت، ناھىيە ۋە كەنتلىرىگە باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى قۇرۇش، باشلانغۇچ تەھسىلى (ئوقۇشى) نى تۈگەتكەن مايەلەر

(خىمىرتۇرۇچىلار) يېتىشتۈرگەندىن كېيىن، ئوتتۇرا (دەرىجىلىك) ئالىي مەكتەپ ئېچىش، ئوتتۇرا تەھسىللىك ئوقۇغۇچىلار يېتىشتۈرگەندىن كېيىن ئالىي مەكتەپلەرنى ئېچىش، يېتىشكەن ئوقۇغۇچىلاردىن (تاللاپ) لاياقەت ۋە مەلۇماتىنى كېڭەيتىش ئۈچۈن چەتئەلگە يوللاش.

يۇقىرىدا يېزىلغان بارلىق ئىشلارنى قۇرۇپ يۈرگۈزۈش ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستانغا چەتئەلدىن بىر «ئىلمىي ھەيئەت» كەلتۈرمەكتۇر. مائارىپ نازارىتىنىڭ ھازىرقى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى، مۇھىم دەپ قارالغان ۋىلايەتلەرگە مەتبەئەلەر قۇرۇپ ئاسان ۋە مەنپەئەتلىك دەرس كىتابلىرى نەشر قىلىپ، «مىللىي مەتبۇئات»نى تىرىلگۈزۈشتۇر. يەرلىك مىللىي مەتبۇئات قۇرۇلۇپ بولغۇچە چەتئەلدىن لازىم دەپ قارالغان كىتابلارنى كەلتۈرۈش، ئاممىۋىي كىتابخانىلار، قىرائەتخانىلار قۇرۇشمۇ مائارىپنىڭ ئىشىدۇر.

16 ـ مادda

## سىھھىيە نازارىتىنىڭ ۋەزىپىلىرى

«يۇقۇملۇق خەستە (كېسەل)لەر گە (قارشى) كۆرەش قىلىش تەشكىلاتى» قۇرۇپ، خەستەخانا (دوختۇرخانا) لار سېلىپ، پېقىرلار ئۈچۈن «تۇغۇشخانە (تۇغۇت ئۆيى)»لەر قۇرۇش، سۇ، غىزا (يېمەك ـ ئىچمەك)، يەر ۋە ئومۇمغا ئوچۇق يەرلەرنى تەكشۈرۈش، چارلاش، پاك تۇتۇش ۋە

بۇنىڭغا ئوخشىغان بارلىق ئىشلار سەھىيە نازارىتىنىڭ ۋەزىپىلىرىدۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنچى بولۇپ چەتئەلدىن 12 نەپەر دوختۇر كەلتۈرۈش، «مەجنۇنخانە (ساراڭلار دوختۇرخانىسى)»لەر، «يېتىمخانە»لەر، غالجىر ئىتلار كېسەللىكىنى داۋالايدىغان «هايۋان دوختۇرخانىسى» قۇرۇش، (چېكىملىك) تىرياكىلىرى (بەڭگىلىرى) ئۈچۈن «مەخسۇسخانە» لەر قۇرۇپ چىقىشتۇر.

دورىخانىلار ئۈچۈن كارخانىلار قۇرۇپ بولغىچىلىك چەتئەلدىن دورا كەلتۈرۈش ياكى دوراپۇرۇشلارغا ۋە چىش دوختۇرلىرىغا ياردەم قىلىشتۇر.

## ۋىلايەتلەرنىڭ قۇرۇلۇشى

17 ـ ماددا

شەرقىي تۈركىستان ئىچىدىكى ۋىلايەتلەردە مۈلكىي ۋە مەدەنىي ئىدارە ئىشلىرىنى يۈرگۈزۈش ئۈچۈن، داخىلىيە نازارىتى تەرىپىدىن سالاھىيەتلىك ۋالىيلار تەيىن قىلىنىدۇ. ۋىلايەتنىڭ ئاسايىشىنى ۋە بىخەتەرلىكىنى ساقلاشقا شارائىتقا قاراپ مۇھاپىزەتچى تۈرغۇزىلىدۇ.

18 ـ ماددا

ھەر قايسى ۋىلايەت ۋالىيلىرىنىڭ رىياستى ئاستىدا مەركەزنىڭ ئۇسۇلىغا ئوخشاش دىنىيە ئەدلىيە نازارىتى، ئىچكى ئىشلار نازارىتى ۋە مالىيە نازارىتى شۆبىلەر تەشكىل

قىلىپ، ئومۇمىي قائىدىلەرگە ئاساسەن ئىدارە قىلىنىدۇ.

19 ـ ماددا

ۋىلايەت ئىچىدە دىنىي ھۆكۈم ئىشلىرىنى شەرئىي شەرىپ (ئىسلام قانۇنى) كە مۇۋاپىق ئىدارە قىلىش ئۈچۈن «مەھكىمە شەرئىيە» قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭ نازارىتىدە مائارىپ، ئەدلىيە ۋە ئەۋقاف (ۋەخپىلەر) نىڭ شۆبىلىرى بولىدۇ.

20 ـ ماددا

ھەر ۋىلايەتتىكى دۆلەت خەزىنىسىنى، ئىچكى ۋە تاشقى سودا ئىشلىرىنى، دۆلەتنىڭ خۇسۇسىي ئىقتىساد ئىشلىرىنى، ھۆكۈمەتنىڭ زاكات ئۆشرە ۋە ئىئانە ئىشلىرىنى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كىرىم - چىقىم ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن، مالىيە تىجارەت شۆبىلىرىنى تەشكىل قىلىدۇ.

21 ـ ماددا

چەت دۆلەتلەرنىڭ ئەلچىخانىسى ياكى ۋاكالەتخانىسى بولغان شەھەرلەردە، ۋىلايەتلەردە تاشقى ئىشلار نازارىتى تەرىپىدىن مەخسۇس ۋەكىل تۇرىدۇ. ئۇشبۇ ۋەكىل تاشقى مۇئامىلىلەر بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

22 ـ ماددا

مۇداپىئە مىنىستىرى تەرىپىدىن تەيىن قىلىنغان ھەربىي مەمۇرلارغا ۋە ئەسكەرى پىرقىلەرگە يەرلىك ۋالىي تەرىپىدىن

ماددىي ۋە مەنىۋى ياردەم بېرىلىدۇ.

### ناھىيەلەرنىڭ قۇرۇلۇشى

23 ـ ماددا

ھەر ناھىيەگە ھاكىم تەيىنلىنىدۇ، ھاكىملار ۋىلايەت تەرىپىدىن تەيىنلىنىپ، مەركەز تەرىپىدىن يەنى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن تەستىقلىنىدۇ.

24 ـ ماددا

تىنچلىقنى ساقلايدىغان مۇھاپىزەتچىلەر، ژاندارمىلار (قوراللىق ساقچى قىسىم)، ساقچىلار بولىدۇ. دىنىي ۋە مۈلكى ھۆكۈملەر (نى چىقىرىش) ئۈچۈن، شەرئى شەرىپكە مۇۋاپىق ئىش قىلىدىغان «مەھكىمە شەرئىيە» ئىدارىسى بولۇپ، «مەھكىمە شەرئىيە»دە «قازى ئىسلام» تۇرىدۇ. ناھىيە دەرىجىلىك قازىلار ۋىلايەت تەرىپىدىن تەيىن ۋە ئەدلىيە مىنىستىرى تەرىپىدىن تەستىق قىلىنىدۇ.

25 ـ ماددا

دىنىي مەدرىسە ۋە مەكتەپلەرنى قۇرۇش، مائارىپ ۋە ۋەخپە ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئۈچۈن، ۋىلايەت تەرىپىدىن ھەر بىر ناھىيەگە مەخسۇس مەمۇر تەيىن قىلىنىدۇ. بۇلار ۋىلايەت پەرمانىغا مۇۋاپىق يەرلىك ھاكىملار بىلەن كېلىشىپ ناھىيەدە ئىش ئېلىپ بارىدۇ.

26 ـ ماددا

زىرائەت (يېزا ئىگىلىك)، ھەم سۇ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىش ئۈچۈن ناھىيەدە «مىراب» تەيىن قىلىنىدۇ. مادەن (كان) ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان «مەمۇر» تۇرغۇزۇلىدۇ. «مىراب» بىلەن «مەمۇر»، ۋالىي تەرىپىدىن تەيىنلىنىدۇ، «مىراب» ئىچكى ئىشلار مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن، «مەمۇر» بولسا تىجارەت ۋە زىرائەت (يېزا ئىگىلىك) مىنىستىرلىقى تەرىپىدىن تەستىقلىنىدۇ.

27 ـ ماددا

ۋىلايەتكە قاراشلىق شەھەرلەر ناھىيە ئاساسىدىكى شەھەر ھاكىملىرى تەرىپىدىن ئىدارە قىلىنىدۇ.

## كەنتلەرنىڭ قۇرۇلۇشى

28 ـ ماددا

ھەر بىر كەنتنىڭ ئەتراپىدىكى دېھقان خۇجىلىقلارنى زىرائەت ۋە سۇ ئىشلىرىنى، مەدرىسە، مەكتەپ ۋە باشقا دىنىي، مۈلكىي، مەدەنىي ئىشلارنى يۈرگۈزۈش ئۈچۈن ناھىيە ھاكىمىنىڭ تەيىنى ۋە ۋىلايەتنىڭ تەستىقى بىلەن «ئەمىن»لەر توختىتىلىدۇ. «ئەمىن»لەر ھاكىمىنىڭ پەرمانى ۋە قوللىرىدىكى «نىزامنامە» گە ئاساسەن ئىش ئېلىپ بارىدۇ.

29 ـ ماددا

قىشلاقلاردىكى خەلقنىڭ تىنچلىقىنى ساقلاش، ئۇلارنىڭ ئەرز ـ دادلىرىنى ۋە تەلەپلىرىنى يۇقىرى دائىرىلەرگە (ئورۇنلارغا) يەتكۈزۈش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ھۆكۈمەت تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن پەرمانلارنى ئىجرا قىلىش، ئۆشۈر ۋەخىپلىرىنى روىخەت (ھۆججەت) قىلىپ يىغىپ، تەيىن قىلىنغان ئامبارلارغا تاپشۇرۇش، دىنىي مەسچىت، مەدرىسە ۋە مەكتەپلەرنى يولغا كىرگۈزۈپ (تەرتىپكە سېلىپ) نازارەت قىلىش ۋە بۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن «قىشلاق باشلىقى» تەيىن قىلىنىدۇ. باشلىقلار «كەنت ئەمىنى» پەرمانىدا قىشلاق ۋە مەھەللە كىشىلىرى تەرىپىدىن كۆرسىتىلىپ، ناھىيە ھاكىمى تەرىپىدىن تەستىق قىلىنىدۇ.

30 ـ ماددا

### نازىرلار ھەيئىتىنىڭ ئۈستىدىكى مەمۇرنىڭ ۋەزىپىلىرى

بۇ «بۈيۈك مەمۇر» ھۆكۈمەتنىڭ قولىقى ھەم كۆزىدۇر.

ھۆكۈمەتنىڭ بارلىق دائىرىلەردىكى ئىشلىرىنىڭ قانۇنغا مۇۋاپىق يۈرگۈزۈلۈپ ـ يۈگۈزۈلمىگەنلىكىنى كۆرۈپ تەكشۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن، ھۆكۈمەتنىڭ بارلىق ئىدارىلىرىگە كىرىپ تەپتىش قىلغۇچى ۋەكىل ھېسابلىنىدۇ. ۋەكىل تەكشۈرۈش ھوقۇقىغا ئىگىدۇر. ۋىلايەت ۋە ناھىيەلەردىكى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىنى تەكشۈرۈپ تۇرىدىغان «سەييارە

مۇپەتتىش»لەر بولىدۇ.

مۇپەتتىشلەر ئالغان مەلۇمات ۋە ۋەسىقەلەرنى «ئالىي مەمۇر» ئىدارىسىگە تاپشۇرىدۇ. ھۆكۈمەت ئىدارە - ئورگانلاردىكى ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ قىلمىۋاتقان ئىشلىرىدا ئىنتىزامسىزلىق ياكى خىيانەت كۆرۈلگەن بولسا، «ئالىي مەمۇر» تەرىپىدىن ئەدلىيە مىنىستىرلىقىغا تاپشۇرۇلىدۇ (مەلۇم قىلىنىدۇ).

# بىر قىسىم ماقالىلەر
# ۋە ئۇقتۇرۇشلار

## تۇتقۇنلۇق (مۇستەملىكە) دەۋرى

ھازىرقى تارىخ نەبەۋى (ھىجرى) 1321 (1904) گە ئۇلاشتى، خاقانى چىن (خىتاي) مەنسەپدارلىرى بۇ يەتتەشەھەرنى تەسەررۇپ قىلىپ ئالغىلى يىگىرمە يەتتە يىل بولدى. ئەھۋال شۇ دەرىجىگە ئۇلاشتىكى، ئاتا بوۋىلىرىدىن قالغان مال - مۈلۈك ۋە مىراس زېمىنلىرىنى تاشلاپ قاچتىلار. ھازىرمۇ بۇ تارىختا خاقان مەنسەپدارلىرى ئىنساب كېيىملىرىنى ئۇنۇتقاقلىق تەكچىسىگە ئىلىپ قويدى ۋە ئەمەلدارلار زۇلۇمنى يايدى. زۇلۇم ۋە ئىستىبداتىنى ئومۇمىي يۈزلۈك ھالدا خەلق ۋە پۇقرالارغا كۈندىن كۈنگە ئاشۇرۇشقا باشلىدى. بىچارە خەلقنىڭ كۆز - ياشلىرى تۆكۈلۈشكە باشلىدى. «تارىخى ئەمنىيە» 200 - بەت

ھىجرى 1293 (مىلادى 1877) يىلىدىن باشلاپ خىتايلار شەرقىي تۈركىستاننى يېڭى ئىستېلا قىلغاندىن بېرى يەرلىك خەلقلەرگە ۋەھشىيلىك بىلەن مۇئامىلە قىلدى. ئۇلارنىڭ بارلىق ئىشلىرى يەرلىك خەلقنى ھاقارەتلەش، تۆۋەن كۆرۈش ۋە زۇلۇم ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن يەرلىك خەلقنى «چەنتو، سىڭكو» دەپ ئاتاپ خورلىدى. يەنى چەنتو - بېشىنى يۆگىگەن، سىڭكو - ھايۋان

مەنىسىدىكى خىتايچە سۆزلەردۇر. خىتايلار ئۆزلىرىنى مەئبۇد (چوقۇنىلىدىغان) خوجا، باشقىلارنى بولسا، قۇل ۋە بەندە ئورنىدا كۆرۈشكەنلىكى ئۈچۈن، ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە ئىش بىلەن مۇراجىئەت قىلغان يەرلىكلەرنى سەجدە قىلدۇرۇپ چوقۇندۇراتتى.

خىتايلار يەرلىك خەلقنىڭ جىنى، مىلى ۋە ئىپپەت - نومۇسىنى (دەپسەندە قىلىپ)، ئۆز زېمىنىدىكىدەكلا خالىغانچە ئەيش - ئىشرەت ۋە كەيپى - ساپا قىلاتتى. بىچارە يەرلىك خەلق ھەممە ھوقۇقلىرىدىن مەھرۇم قىلىنغان، ھېچ كىمنىڭ ھەرقانداق ھەقسىزلىققا بىر ھەرپ بىلەن بولسىمۇ يامان دېيىشكە كۈچى يەتمەيتتى. ھەر قانداق بىر كىشىدە قىلچىلىك تەرس (زىت) ھەرىكەت سېزىلگەن ھامان تۈرمىگە تاشلىناتتى. مەھبۇسنىڭ بويىنىغا، قولىغا ۋە پۇتىغا يوغان تاختىلار ۋە قېلىن تۆمۈر كىشەنلەر تاقىلاتتى. تاياقلار بىلەن ھوشىدىن كەتكۈچە ئۇرۇلغاندىن كېيىن ئۆمۈر بويى قاماق جازاسىغا چاپتىرىلاتتى (ھۆكۈم قىلىناتتى) ياكى سۈرگۈنگە ھۆكۈم قىلىناتتى. قاماقخانا بەكلا كونا، پاسكىنا ۋە سالامەتلىككە بەكلا زىيانلىق بولۇپ، ئىنسانىي تەربىيەدىن خالىي كالا ئېغىلىدىن ئىبارەت ئىدى. ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ باياشاتلىقى، مائارىپ ۋە مەدەنىيەت، سودا ۋە سانائەت ھەققىدە خىتايلار ھېچ بىر ئىش قىلمىدى. خىتاي - تۇڭگان مەمۇرلاردا ئومۇمەن دېگۈدەك رۇشۋەت - پارىخورلۇق كەسىپ ۋە ھۈنەر بولۇپ، قانۇن

فورمىسى (تونى) ئاستىدا پارىخورلۇقتا بىر - بىرى بىلەن مۇسابىقىلىشىدىغان ھالەتتە ئىدى. مىللەتنىڭ ئالتۇن، كۈمۈش، جەۋھەر ۋە باشقا بارلىق بايلىقلىرىنى زورلۇق بىلەن يىغىۋالدى. ئىقتىسادىي ئىشلار، ئىچكى ۋە تاشقى ئىشلار تامامەن مونوپول قىلىنغان ئىدى.

خىتايلار يەرلىك سودىگەرلەرنى ئۆز مەنپەئەتىدىكى ئىشلاردا (ئۆزىگە پايدىلىق ئىشلاردا) مەجبۇر ئىشلىتەتتى. يەرلىك سانائەتلەرگە پەقەتلا ئەھمىيەت بەرمەيتتى. مىللىي مائارىپ ۋە نەشرىيات ئىشلىرىغا ناھايىتى قاتتىق چەكلىمە ۋە توسقۇنلۇق قىلاتتى. بىر تەرەپتىن پاھىشىۋازلىق، بۇزۇقچىلىق ۋە ئەخلاقسىزلىقلارغا پەۋقۇلئاددە ئەركىنلىك بېرەتتى، يەنە بىر تەرەپتىن بولسا، خىتايلاشتۇرۇش سىياسىتىنى كەسكىنلەشتۈرۈپ، كۆچمەن خىتايلارغا تۈركىستاننىڭ مۇنبەت، مەھسۇللۇق زېمىنلىرىنى ئېلىپ بېرەتتى. كۆچمەن خىتايلارنى يەرلەشتۈرۈشتە ئىنتايىن ئاسان يول تۇتقان بولۇپ، يەرلىك خەلقكە يۇقىرى دەرىجىدە ئالۋان - سېلىق سالغانلىقتىن، خەلق زېمىن ۋە ئىمارەتلىرىنى تاشلاپ قاچاتتى ياكى ئېغىر باج - سېلىقلىرىنى تۆلىيەلمىگەن كىشىلەرنىڭ يەر، سۇ، زېمىن ۋە ئىمارەتلىرىنى مۇسادىرە قىلىپ، ئۆزىنى سۈرگۈنگە يوللايتتى ياكى ئۆمۈر بويى قاماقتا ياتقۇزاتتى ۋە تۈركىستانلىقلاردىن مەجبۇرىي رەۋىشتە خوتۇن - قىز ئېلىشاتتى. خىتايلار شەرقىي تۈركىستاندا ئىنسانىيەت ئۈچۈن بىر داغ چەنلىك

خىزمەت قىلمىدى. رۇسلارنىڭ غەربىي تۈركىستاندىكى رۇسلاشتۇرۇش سىياسەت فورمىلىرىنى خىتايلار ئەينەن قوبۇل قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن، خىتايلار ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدىكى ئاچ - قەلەندەرلىرىنى شەرقىي تۈركىستانغا يوللايتتى. چۈنكى، بۇ يەردىكى خىتايلار پەقەت شەخسىي مەنپەئەتلىرى، پۇل تېپىش ۋە باي بولۇش بىلەن مەشغۇل ئىدىلەر. ئىنسانىيەت بىلەن ھېچ ئالدى - بەردىلىرى يوقتى. خىتايلاردا قانۇن يوق، ھەركىم ئۆز ئىختىيارىچە ھەرىكەت قىلاتتى. مەمۇرلار ئومۇميۈزلۈك دېگۈدەك ئەپيۇن تارتىشقا مۇپتىلا بولغان ئىدى. ئەپيۇن تارتىش خىتاي مەمۇرلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ مەشغۇلىيىتى ئىدى. قارىغان ھەر كىشى ئورۇندۇق ئۈستىلىدە ئەپيۇن تارتىپ ئولتۇرغان خىتايلارنى كۆرەتتى. خىتاي مەھكىمىلىرىدە ئادالەت ۋە ئىنسابتىن زەررىچىلىك ئەسەرمۇ يوق ئىدى. رۇشۋەت (پارا) پۇلنى كىم كۆپرەك بەرسە ھەر قانداق ئېغىر جىنايەتچى بولسىمۇ، شۇنىڭ پايدىسىغا ھۆكۈم قىلىناتتى. رۇشۋەت پۇل بېرىشكە كۈچى يەتمىگەن كەمبەغەل ھەر قانچە ھەقلىق بولسىمۇ، تاياق يەپ پۇتلىرىدىن باغلىنىپ، ئېسىلىپ نەتىجىدە ئۆمۈرلۈك قاماق ياكى سۈرگۈنگە ھۆكۈم قىلىناتتى. دېمىسىمۇ تۈركىستانغا يەرلەشكەن خىتايلارنىڭ دىنى، ئىمانى، غايە ۋە ئارزۇسى پۇلدۇر. كېيىنكى يىللاردا خىتايلار پۇل تېپىش ئۈچۈن ھەر تۈرلۈك يېڭى يوللارنى ئاچتى، ئۇلار بولشېۋىكلارنىڭ پىروگراممىسىنى تەتبىقلاشقا

باشلىدى. مىللەتنىڭ مېلى، جېنى ۋە ئىپپەت ـ نومۇسىغا ۋەھشىيلەرچە تاجاۋۇز قىلدى. بۇ ۋەھشىيلىكلەرگە قارشى ئىنقىلابى ھەركەت باشلاندى.

# ئىنقىلابنىڭ بىرىنچى دەۋرى

## تۇرپان يېغىلىقلىرى

شەرقىي تۈركىستانلىقلار ھەرقانداق بىر ۋەسىلە بىلەن تۆپىلىرىدە بېسىپ ياتقان ئالۋاستىلارنىڭ زۇلۇم ۋە ۋەھشىيلىكلىرىنى، ھەر تۈرلۈك جەبىر ۋە ئىستىبداتلىقلىرىنى ھۆكۈمەت دائىرىلىرىگە ئاڭلىتالمىدى، ھېچكىمدە شىكايەت قىلىش جۈرئىتى يوق ئىدى. خەلق تەرىپىدىن بېرىلگەن شىكايەت ۋە ئەرزلەر ئالىي مەمۇرلارغا يەتكۈزۈلمەيتتى. يەتكۈزۈلگەن تەقدىردىمۇ ئېتىبارغا ئېلىنمايتتى، پىسەنت قىلىنمايتتى ياكى شىكايەتچىلەر يامان ئاقىۋەتكە قالاتتى. خىتايلارنىڭ تالان - تاراجلىرىغا نا ئىلاج چىدىغان خەلق ئىپپەت ۋە نۇمۇسلىرىغا، خوتۇن - قىزلىرىغا قىلىنغان تاجاۋۇزلىرىغا سەبىر - تاقەتلىرى قالمىغانلىقى ئۈچۈن، دىن ۋە مىللەت، ئىپپەت ۋە نامۇسلىرىنى مۇداپىئە قىلىشقا قورال - ياراغ كۈچى بىلەن كىرىشىپ ۋەھشىي خىتايلارغا قارشى قوزغىلاڭ باشلىدى.

## خائىن تۇڭگانلار

خىتاي ـ تۇڭگان ھەر ئىككىسى بىر سۆزدۇر.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ قاراڭغۇلۇق دەۋرلىرىدە يەرلىك خەلق، ۋەھشىي خىتايلار تەرىپىدىن قانداق جەبىر-زۇلۇم، ئەلەملەرنى تارتقان بولسا، تۇڭگانلاردىنمۇ بەلكى ئۇنىڭدىن ئارتۇقراق ۋەھشىيلىكلىرىنى تارتقاندۇر. ھازىرمۇ ئۇنىڭدىن كۆپرەك ۋەھشىيلىكلىرىنى تارتىپ كەلمەكتە. بۇ مەسىلە بولسا، قۇياشقا ئوخشاش روشەن تارىخىي ھەقىقەت بولۇش بىلەن بىرگە، ئەينى زاماندا بولۇپ تۇرۇۋاتقان پاجىئەلەر بولغانلىقى ئۈچۈن ھېچبىر يەرلىك خەلقتە شۈبھە قالدۇرمىدى. بۇنىڭغا ئاساسەن «خىتاي ـ تۇڭگان ھەر ئىككىسى بىر سۆزدۇر» دېسەك خاتا بولمايدۇ. ساھىبقىران ياقۇپبەگ غازىغا ئۇرۇمچى لورىنجاسىنىڭ خىيانىتى؛ 1328 ـ ھىجرى يىلىدا چىققان قومۇللۇق ئىنقىلابچى باتۇر تۆمۈر خەلىپەگە قىلىنغان خىيانەت؛ تۇرپاننىڭ مەشھۇر ئىنقىلابچىسى ئەھمەد تاماق باتۇرغا قىلىنغان خىيانەت؛ ھازىرقى شەرقىي تۈركىستان ئىنقىلابىنىڭ بۈيۈك داھىيسى خوجىنىياز ھاجىمغا تۇڭگان (لار) تەرىپىدىن بولغان (قىلىنغان) ھەم داۋام قىلىنىۋاتقان خىيانەتلەر؛ مەرھۇم

شىبھىت تۆمۈر غازىغا قىلىنغان خىيانەتلەر دېگىنىزدىن بىر ئوتلام، يامغۇردىن بىر تامچە قاتارىدىدۇر.

تۇڭگانلارنىڭ خىيانىتى، تۇڭگانلارنىڭ ۋەھشىي قىلمىش چۈشەنچىسى كۆز ئالدىمىزدا تۇرماقتا، تۇڭگانلارنىڭ بۇ ۋەھشىي قىلمىشى خىتايلارنىڭ ۋەھشىي قىلمىشلىرىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇلدۇرىدىغان ھالەتكە كېلىپ قالدى. يەنى توغرىسىنى ئېيتقاندا، خىتايلارنىڭ يۈرگۈزگەن ۋەھشىيلىكىنى تۇڭگانلار بىزگە ئۇنتۇلدۇردى. دېمەك، بىزگە خىتايلارغا كۆرە، تۇڭگانلار ئارتۇقراق ۋە ئەشەددىي دۈشمەندۇر. بىزلەر خىتاي زۇلۇمىدىن قۇتۇلدۇق، ئەمما ھازىرغىچە تۇڭگانلاردىن قۇتۇلغىنىمىز يوق، قۇتۇلالمىدۇق. بىزنىڭ خىتايلاردىن ئۇنچىۋالا قورقۇنچىمىز يوق، بىراق تۇڭگانلاردىن تەشۋىشىمىز يوق ئەمەس.

شۇنى تەكىتلەيمىزكى، تۇڭگانلار توغرىسىدا ھازىرلىق-لىرىمىزنى ۋە ئېھتىياتچانلىقىمىزنى پۇختا قىلىمىز. بۇنىڭدىن كېيىن تۇڭگانلار بىلەن بولغان ئۇرۇشىمىز كەسكىن بولىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن تۇڭگانلار توغرىسىدا شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ كۆڭلىدە زەررىچىلىك مېھرى - شەپقەت بولمايدۇ. كۆرەش مەيدانلىرىدىكى ئۇرۇش تەجرىبىلىرى شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا شۇنى بىلدۈردىكى، سېرىق خىتايلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا قانداق ھەققى بولمىغان بولسا، قارا (تۇڭگان) خىتايلارنىڭمۇ شەرقىي تۈركىستاندا

بىر داچەنچىلىك ھەقلىرى يوقتۇر.

شەرقىي تۈركىستان شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭدۇر. بىزنىڭ شوئارىمىز شۇدۇر، شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن بۇنىڭدىن كېيىن باشقا ئاتا - ئانىلار كېرەك ئەمەس. سىرىق خىتايمۇ، قارا خىتايمۇ نەدىن كەپقالغان بولسا، شۇ يەرگە كەتسۇن! خانلىقىنى، بەگلىكىنى، دوتەي - پوتەي، شەنگەن - پەنگەن، دارىن - پارىنلىرىنى بىيجىڭغا ئېلىپ كەتسۇن! بىزگە ئۇلارنىڭ ئۆزىمۇ كېرەك ئەمەس، سۆزىمۇ كېرەك ئەمەس! نامى، رەسمى، ئادىتى، قىلمىشى، خۇيى ۋە خېتى تامامەن يوقالسۇن! بىز ئەمدى ئۇلارنى ئەبەدىي ھەيدىدۇق. سىرىق، قارا ئىپلاسلارنىڭ يۇرتىمىزنى شۇنچە يىل پاسكىنا قىلغىنى يېتەر. ئۇ يەردە، بۇ يەردە قېپقالغان بىر ئۇۋۇچ، يىرىم ئۇۋۇچ سىرىق، قارا پاسكىنىلار، ئەپيۈن كەيپى بىلەن بۇرۇنقىدەكلا ھۆكۈمەت ئۈستىدە تۇرۇپ قېلىش ئۈمىدىدە «يېتىپ قالغۇچە، ئېتىپ قال» دەپ ئاخىرقى ۋەھشىي جىنايەتلىرىنى ئىشلىمەكتە، بۇلارنىڭمۇ ئۆمرى ئاز قالدى. بۇ سوقۇندى قارا پاسكىنىلارمۇ قاچە - قاچ بولۇپ ئۆز يۇرتلىرىغا ئۇزۇتىلىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن شەرقىي تۈركىستاندا دۆلەتنىڭ ھۆكمىنى ئاڭلىمايدىغان زالىملارغا ھوقۇق بېرىلمەيدۇ.

يوقالسۇن قارا - سىرىق ۋەھشىيلەر! ياشىسۇن شەرقىي تۈركىستان دۆلىتى! كېڭەيسۇن سىياسىي، دىنىي، مىللىي،

ئىلمى، مەدەنىي ۋە ئىقتىسادىي ئىنقىلاب!!! بار بولسۇن ئۇلۇغ داھىمىز رەئىسى جۇمھۇر خوجىنىياز ھاجىم! ياشىسۇن شەرقىي تۈركىستانىنىڭ كۆكلۈلۈك (پىدائىي) مۇجاھىد قەھرىمان ئەسكىرى!

*14 شەئبان 52 - يىل (1933 - يىلى 12 - ئاينىڭ 2 - كۈنى):*
مۇجاھىد

## كاشغەر پىتنىۋازلىرىغا مۇراجىئەت

ئىتتىپاقلىق ۋە بىرلىك نېمىتىنىڭ قەدرى - قىممىتىنى بىلمىگەن، پەقەت يالغۇز ئۆز شەخسىي مەنپەئەتى يولىدا بىر - بىرىنى ئىزىپ، زۇلۇككە ئوخشاش ئېمىپ، سۈمۈرۈپ قان ئىچىدىغان، مەنسەپ كەيپىگە بېرىلگەن داڭ ۋە ئابرۇيپەرەس ھارامخور پىتنىۋاز ئۇنسۇرلار يۇرتىمىزدىن يوقالماي تۇرۇپ، بىزنىڭ دۆلەت قۇرۇلۇش يولىدا ھەربىي ۋە مۈلكىي ئىشلىرىمىزنىڭ ئىنتىزامىنى ھەقىقىي رەۋىشتە يولغا قويۇشىمىزغا مېنىڭ ئەقلىم يەتمەيدۇ. مۇشۇنداق ئىچكى مىكروبلارنىڭ بۇزۇقچىلىقلىرىنى تۈزەتمىگۈچە ۋە (ئۇنىڭغا) خاتىمە بەرمىگۈچە ئۆزئارا تەپرىقىچىلىك تۈگىمەيدىغاندەك قىلىدۇ. ئەگەر ئىشىمىز مۇشۇنداق داۋام قىلىپ كېتىۋېرىدىغان بولسا، - خۇدايىم ساقلىسۇن - ئۇ ۋاقىت يانا چىرىكلەشكەن قارا ئىستىبدات (خىتاي) نىڭ بويۇنتۇرۇقى يۇرتىمىزنىڭ بويىنىغا تاقىلىپ قېلىش ئېھتىماللىقىدىن ئىبارەت قورقۇنچلۇق يەنە بىر ئىش بولمىسا كېرەك. ئەگەر تۈزەلمىسەك ئۆز نەسلىنى ۋە ئۆز يۇرتداشلىرىنى ئۆز قولى بىلەن يەنە بۇرۇنقى قارا ۋەھشىي، ئەشەددىي مۇستەبىتلەرگە تۇتۇپ بېرىش چۈشەنچىسىدە مىدىرلاپ، ئايلىنىپ يۈرگەن ۋەتەن ۋە مىللەت خائىنلىرىنىڭ قولىغا

كىرگۈزۈپ قويىمىز. ئۆز مىللىتىنى ھالاكەت چوڭقۇرىغا ئارغامچا تارتىپ سۆرەيدىغان خىتايلاشقان ۋىجدانسىزلارنىڭ باشلىقلىرى، نامايەندىلىرى قولغا چۈشتى، قۇتۇلۇپ قېپقالغان ئۇششاق ـ چۈششەك مىكروبلارمۇ قولغا چۈشۈش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ.

دۇنيادا ئۆز يۇرتىنىڭ ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ تەقدىرىنى غەيرى ياتلارغا سېتىشتىنمۇ ئارتۇق جىنايەت بولمىسا كېرەك. پىتنە ھەققىدە جانابى ئاللاھ تائالا ھەزرەتلىرى: «الْفِتْنَةُ أَكْبَرُ مِنَ الْقَتْلِ» ، «الْفِتْنَةُ أَشَدُّ مِنَ الْقَتْلِ» يەنى «پىتنىخورلۇقنىڭ گۇناھى، كىشىنى ناھەق ئۆلتۈرۈش گۇناھىدىن بۈيۈكراقتۇر. پىتنىخورلۇقنىڭ گۇناھى، ناھەق قان تۆكۈشتىن چوڭراقتۇر» دەپ ئىنسانلارنى پىتنىخورلۇقتىن ياندۇرغاندۇر. چۈنكى پىتنە بىر يۇرتتا داۋام قىلسا، تىنچلىق ۋە ئاسايىشلىق قۇرۇلالمايدۇ. بىزنىڭ 58 يىللىق ئاسارەت زەنجىرىدە بوغۇلۇپ قېلىشىمىزغا ئۆزئارا پۈتۈشەلمەسلىك، بىر ـ بىرلىرىگە قارىمۇقارشىلىق (قىلىش) پىتنە ـ ئاپەتلىرىدىن باشقا سەۋەب بولغان بىر ئامىل بارمۇ؟ بۇ مەسىلە تارىخى ھۆججەتلەر بىلەن سابىت ئەمەسمۇ؟ تارىخ، ھادىسىلەرنىڭ قايتا تەكرارلىنىشىدىن ئىبارەت بولغان بولسا، بىز ئەمدى يېڭى قۇرۇلغان دۆلىتىمىزنىڭ دەۋرىدە ئۆتكەن كۈنلەردىكى ناچار خاتالىقلىرىمىزنىڭ يېڭىدىن تەكرارلانماسلىقى يولىدا مۇتلەق (شەرتسىز) رەھىمسىزلىك بىلەن كۈرەش ئېلىپ بېرىشىمىز نۆۋەتتىكى ئەڭ بۈيۈك ۋەزىپىلىرىمىزدۇر. بىزلەرگە

خىتايلاردىنمۇ، تۇڭگانلاردىنمۇ بەكرەك ئۆز ئىچىمىزدىكى خىتايلاشقان خىچىرلارنىڭ دۈشمەنلىكى يامانراقتۇر. خوتەنچىلىك، تېمۇرچىلىق، قىرغىزچىلىق، ئەنجانچىلىق ۋە تۇڭگانچىلىق ئايرىمچىلىقىنى يۇرت ۋە مىللەت ئىچىدە ئۇشبۇ خىچىرلاردىن بۆلەك يانا كىم سالالايدۇ؟ ئەلۋەتتە پىتنە ئۇرۇقىنى بۇ ۋىجدانسىزلاردىن باشقا ھېچكىم تېرىمىدى. قولىمىزدىكى ھۆججەتلەر بۇ مەسىلىنى بىزلەرگە لايىقىدىن ئارتۇقراق ئاڭلاتماقتا! پىتنە ئەربابلىرىنىڭ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاللاھ تائالانىڭ قەھر ۋە غەزىپىگە دۇچار بولىدىغانلىقى مۇھەققەقتۇر. دۆلىتىمىز بۇنىڭدىن كېيىن پىتنىخورلارغا يول قويمايدۇ، ئۇلارغا قارشى چارە - تەدبىرلەرنى ئىلىشقا كىرىشتى، باشلىدى، يەنە قاتتىق ئىشلەيدۇ. ئەمدى پىتنىخورلار كۆزلىرىنى ئاچسۇنلار، پىتنىخورلاردىن پاسكىنا قوللىرىنى تارتسۇنلار!

*ئەگەر ئۇقۇر ئەي پىتنىخورلار سىزلەرگە لەنەت،*
*مىللەت ئۇقۇر ئەي پىتنىخورلار سىزلەرگە نەپرەت.*

**(ئاپتور): باتۇر. 13 شەئبان 52 - يىل (1933 - يىلى 12 - ئاينىڭ 1 - كۈنى)**

## «ئىستىقلال» يولىدا

دۆلەت قۇرۇش، مىڭ يىللاردىن بېرى كەلگەن تارىخى تەجرىبە ۋە مىللىي روھ بىلەن بولىدۇ. ئاخىرقى يىللاردا ياۋروپا ھەم ئاسىيادا يېڭى دۆلەتلەر بارلىققا كەلدى. بۇلارنىڭ قۇرۇلۇش تەجرىبىلىرىنى، خۇسۇسەن ئىسلام دۆلەتلىرىدىن بۈيۈك غازى مۇستاپا كامال تۈركىيەسى بىلەن سەلەپىلەر باشلىقى باھادىر ئىبنى سەئۇد، ھىجازدىكى شەرىپ ھۆكۈمىتىنىڭ قۇرۇلۇشى مۇھىمدۇر. شەرقىي تۈركىستانىنىڭ 2000 يىللىق قانلىق تارىخىنى تاكى ئاخىرقى بەدۆلەت ياقۇپ بەگ غازى ھەزرەتلىرىنىڭ توغرا ھەم خاتا ھەرىكەتلىرىنى ياخشى ئوقۇماق لازىم. دۆلەت پەقەتلا يالغۇز «ئىستىقلال» روھى بىلەن قۇرۇلىدۇ. بىر مۇستەملىكىلىكتىن قۇتۇلۇپ، ئىككىنچى ئاسارەتكە كىرىش ئۈچۈن قان تۆكۈشنىڭ ھېچ ھاجىتى يوق. تۈركىيەنىڭ بۈيۈك «ئىستىقلال» ھەرىكىتى يەنى سوقۇشى بۇنى تەستىقلىدى. ئەرلەر قاتارىدا تالاي - تالاي مۇجاھىد خاتۇنلارغا قارشى ئىسلام ھەم تۈرك دۈشمەنلىرى مىليونلارچە ئەسكەر ۋە مىڭلارچە پىتنىخورلارنى ئىشقا سېلىپ بۈيۈك ئىنقىلابنى قانغا پاتۇرماقچى بولدى.

خۇدايى تائالا ياردەم قىلدى. مىليونلارچە ئاچكۆز

دۈشمەن ئەسكەرلىرى دېڭىزغا سۈپۈرۈلۈپ تۆكۈلدى. مۇستاپا سۈبھى دېگەنگە ئوخشاش بولشېۋىك پىتنىخورلاردىن يۈزلەرچىسىنىڭ كاللىسى كېسىلدى. نەتىجىدە تۈركىيە مۇستەقىل بولدى. جەمئىيەتى ئەقۋام (مىللەتلەر جەمئىيىتى)، بارلىق دۆلەتلەر يېڭى تۈركىيەگە ئېھتىرام بىلدۈردى.

بۈيۈك بىرىتانىيە پادىشاھى ھەزرەتلىرى، غازى پاشا (غازى مۇستاپا كامال) غا تارىخىي ھەدىيەلەر تەقدىم قىلدى. ياۋروپا دۆلەتلىرى، خۇسۇسەن بولشېۋىك ھۆكۈمىتى مىليون - مىليون دوللارلىق ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا ئېھتىرام ياردىمى بەردى.

شەرقىي تۈركىستان چىن - بولشېۋىك رۇسىيەسىنىڭ، ھەم بۈيۈك بىرىتانىيە ھىندىستانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىسىلىپ قالغان بىر دۆلەت بولغانلىقى ئۈچۈن، دۆلەت بۇنى نەزەردە تۇتۇپ سىياسىي، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش يولىدا نەنجىڭ، موسكۋا ھەم لوندون بىلەن بولغان مۇئامىلىسىدە بۈيۈك بىلىمگە (يۇقىرى مەلۇماتقا ئېگە ۋە ئەقىللىق) ھەم ئېھتىياتچان بولۇش كېرەك. خۇدايى تائالانىڭ مەرھەمىتى، شېھىتلىرىمىزنىڭ مۇبارەك قېنى، بۈيۈك غازى خوجىنىياز ھاجىم ھەزرەتلىرىنىڭ، مۇجاھىدلارنىڭ ھەم ھۆكۈمەت ئەربابلىرىنىڭ ئىجتىھادى بىلەن، ئىنشائاللاھ، بۈيۈك تۈرك مىللىتىنىڭ بۆشۈكى ھەم تارىخىي مەدەنىيىتى بىلەن مەشھۇر بولغان شەرقىي تۈركىستان ئازاد بولىدۇ. ھەم غازى مۇستاپا

كامال تۈركىيەسى قاتارىدا «ئىستىقلال»غا ئېرىشىدۇ.

*ئىستانبۇللۇق يۇسۇپ مۇزەپپەر ـ كاشغەر*

**ئىدارىدىن:** 30 يىلدىن بېرى مىللىي ئىنقىلابلارغا ئىشتىراك قىلغان، ئالىي تەھسىل كۆرگەن قېرىندىشىمىز يۇسۇپ مۇزەپپەربەگ، بىلىمى ۋە قەلىمى بىلەن قەشقەردە «شەرقىي تۈركىستان» قۇرۇلۇشىغا ئاكتىپ قاتنىشىپ ياردەم قىلىپ تۇرغان بولسىمۇ، يەرلىك مەتبۇئات ئىشلىرىغا قاتناشمىغان ئىدى. بۇنىڭدىن كېيىن دۇنيا سىياسىتى، ھوقۇق ۋە ئىقتىساد مەسىلىلىرى ھەققىدە «ئىستىقلال مەجمۇئەسى»دە، ھەم «ئەركىن تۈركىستان»دا ماقالىلىرىنىڭ بولۇپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

## تەرغىبات

ئىلىمدە قۇۋۋەت، ئىلىمدە شەرەپ ۋە ئىززەت

مەلۇمدۇركى، نەۋئى بەشەر (ئىنسان) ئۇچۇن مەدارى تەكلىپ بولغۇچى (بۇيرۇلىدىغان) نەرسە ئۇنىڭ ئەقلى قۇۋۋىتىگە ۋە ئىلمىي قۇۋۋەتكە ئىگە بولۇشىغا باغلىقتۇر. ئۇنىڭ ھايۋانات تۈرلىرىدىن ئىمتىيازى (پەرقى) ۋە ئايرىلىشمۇ تەپەككۇر قىلىشى، ئەقىل يۈرگۈزۈشى، تەجرىبىلىرى ۋە ئىقتىدارى بىلەن بولىدۇ. بولمىسا تاشقى ھېس - تۇيغۇلاردا ئىنسانلار باشقا ھايۋانات بىلەن ئوخشاش. بەلكى ھايۋانلار بەزى ھېس - تۇيغۇلاردا ئىنساندىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. شەھۋانى جەھەتتىن ھايۋانلار ئىنساندىن سەۋرلىك كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئۇچۇن بالا تېپىش ۋە جۈپلىشىش ئىشلىرى مەلۇم ۋاقىت ۋە مەۋسۇملەردە بولۇپ، باشقا ۋاقىتلاردا چېشى سىنىپىغا چېقىلمايدۇ.

ئۇنىڭ ئۇچۇن، نەۋئى بەشەرنىڭ ئىززەت، شەرەپ ۋە ئىمتىيازى، ئۇلۇمى مائارىپ (مائارىپ ئىلىملىرى) ۋە تەجربە قابىلىيەتلىرى بىلەن بولۇپ، ئىلىمنىڭ شەرىپىمۇ ھەقىقىي دىن بىلەن بولىدۇ. دىن ئىنساننىڭ بەخت - سائادەتلىك ھاياتى ئۇچۇن بىر ئاساستۇر. ئىسلام دىنى

نەزىرىدە ئىلىم، تەلىم ـ تەربىيە ۋە ئىلىم ئەھلى بىلەن مۇناسىۋەتلىرى بولمىغان كىشىلەر، ئىككى پۇتلۇق ھايۋان ھېسابلىنىدۇ. بەلكى ئەقىللىرىنى ئىشلەتمىگەن ئىنسانلار تىلسىز ۋە كۆزسىز ئەڭ يامان ھايۋاندۇر.

أَسْتَعِيذُ بِاللهِ: ﴿إِنَّ شَرَّ الدَّوَابِّ عِنْدَ اللهِ الصُّمُّ الْبُكْمُ الَّذِينَ لا يَعْقِلُونَ﴾

«شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ھايۋانلارنىڭ ئەڭ يامىنى (ھەقنى ئاڭلىماي) گاس بولۇۋالغان، (ھەقنى سۆزلىمەي) گاچا بولۇۋالغان، (ياخشى ـ ياماننى پەرق ئەتمەي) ئەقلىنى يوقاتقان كىشىلەردۇر» (ئەنفال سۈرىسى 22 ـ ئايەت).

بىر قەۋم ۋە مىللەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ياكى خار ۋە زەبۇن بولۇشى ئىلىم بىلەن ئالاقىلىرى بولۇپ ـ بولمىغانلىقلىرى بىلەن مۇناسىۋەتلىكتۇر. يەر شارىدا ئىلىم ۋە مائارىپ ئىگىلىرى قۇۋۋەت ۋە ئىززەت تېپىپ، جاھىل ۋە خۇراپات ئاشىقلىرى خارلىق ۋە ھاقارەتكە دۇچار بولغاندۇر.

ئىنسانىيەتنىڭ ساغلام تەبىئەت دىنى ۋە بارلىق دىنلارنىڭ خۇلاسىسى بولغان ئىسلام ۋە ئىسلام دىنىنىڭ ئەبەدىي مۇقەددەس كىتابى قۇرئان كەرىمنىڭ بىرىنچى تەلىماتى ئوقۇماق ۋە بىلمەكتۇر.

أَسْتَعِيذُ بِاللهِ: ﴿إِقْرَأْ بِاسْمِ رَبِّكَ.....﴾ الآية

«ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن» (ئەلەق سۈرىسى 1 ـ ئايەت).

ھۆكۈمەت ۋە دۆلەتلەر ئىلىم ۋە مائارىپ، تەربىيە ۋە قانۇن ـ تۈزۈمسىز داۋام قىلالمايدۇ. ئۇلۇغ مۇجتەھىدىمىز مۆھتەرەم ئىمام مۇھەممەد رەھىمەھۇللاھ، ئىلمى ھېسابتا (ماتېماتىكا) تۆت ئىشلەم قائىدىسىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئەرەب مۇسۇلمانلار تەرىپىدىن ئىلمى ھېسابتا «الجبر والمقابلة» قائىدىسىنى ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ھازىرقى پۈتۈن ياۋروپا ۋە پادىشاھلىقلارغا (باشقا دۆلەتلەرگە) رەھبەرلىك ۋە ئۇستازلىق قىلغانلىقلىرىنى تارىخ سۆزلىمەكتە.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد مۇستاپا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ «أغْدُ عَالِمًا أوْ مُتَعُلِّمًا أوْ سَامِعًا» يەنى «ئىلىم، تەلىم ـ تەربىيە ئېلىش ۋە ئىلىم ئەھلى بىلەن بىرگە بولۇشتىن ئىبارەت ئىشلاردا باشقىلارنىڭ ئالدىدا بولۇڭلار ۋە كۆپرەك ھەرىكەت قىلىڭلار دېگەن» ئالىي پەرمانىغا ئاساسەن، سەلەپلىرىمىزدىن قۇتەيبەلەر، ئىبنى فۇزلانلار ۋە بۇنىڭدىن باشقىلار نۇرغۇن تاغ ۋە داۋانلاردىن ئۆتۈپ ئىلاھى كەلىمەتۇللاھ (ئاللاھنىڭ دىنى) ئۈچۈن جاھىللارنى ئوقۇتۇش ۋە ياخشىلىق يولىدا مۇسابىقىلىشىش مەقسىتى بىلەن ساياھەت قىلىپ، خىتايىستان تۇپراقلىرىغا ۋە ئىدىل ـ ئورال قىتئەلىرىگىچە كەلدىلەر. بارغانلىكى يەرلەرگە ئىلىم روھىنى ۋە دىيانەت ئۇرۇقىنى چېچىپ، ئىبرەتلىك تارىخلەر

قالدۇردى. قائىدە ۋە نىزام تۈزەش، ئۇزاق دىيار ۋە يەرلەرگە ساياھەت قىلىش ۋە ئىلىم تارقىتىش دىنىمىزنىڭ روھى ۋە سەلەپلىرىمىزنىڭ سۈننىتى بولغان ئىكەن، بىز خەلەپلەر (كېيىنكىلەر) نېمىشقا ئۇنداق قىلالمايمىز؟ خۇسۇسەن بىز شەرقىي تۈركىستان مۇسۇلمانلىرى تۈنۈگۈنگىچە مۇستەبىت ۋە نىزامسىز قانخور مەجۇسىي خىتايلارنىڭ ئىدارىسىدا مەھكۇم ۋە خار ئىدۇق. ئاللاھ تابارەك ۋە تائالا بىزلەرنى مۇستەقىل ئىسلام ھۆكۈمىتى قۇرۇش بىلەن ئەزىز قىلدى. ئۇشبۇ ھۆكۈمىتىمىزنى تەرتىپ ۋە نىزام - قائىدە ئاساسىدا قۇرۇپ، ئىلىم كۈچى بىلەن ھىمايە قىلىشىمىز كېرەك.

ئىلىم ئەڭ قۇتلۇق ياراغتۇر. ئىلىم كۈچىگە ھېچقانداق بىر كۈچ توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ. ئىلىم ۋە مەرىپەت ئىگىلىرى ھاۋالاردا ئۇچۇشۇپ، قىتئە ۋە دېڭىزلاردا ساياھەت قىلىۋاتىدۇ.

تەرتىپ ۋە قائىدە - تۈزۈمگە موھتاج بولغان ئىسلاھاتىمىزنىڭ بىسمىللاسىنى دىنىي ۋە ئىرپان مەكتەپ ۋە مەدرىسىلىرىمىزنى ئىسلاھ قىلىشتىن باشلاشتۇر.

مائارىپ مىنىستىرلىقىدا بۇ خۇسۇستىكى ئەھۋاللارنى مۇزاكىرە قىلىدىغان ۋە پىكىر يۈرگۈزىدىغان ئەھلى ئىرپان مەجلىسىنى تەشكىل قىلىش لازىم. ئۇنىڭ ئۈچۈن، «ئىستىقلال جەمئىيىتى» ئىلمىي ھەيئىتى بۇ ئىشقا رەھبەرلىك قىلىشى كېرەك. دارىلمۇئەللىمىن مەكتەپلىرىدە

مۇكەممەل قائىدە ۋە نىزام ئورنىتىلىپ، ئوقۇش ۋە ئوقۇتۇش ماتېرىياللىرىنى تولۇقلاپ، بۇ ئىشنى ياخشى ئېلىپ بارالايدىغان مۇئەللىملەرنى جەلپ قىلىپ، ئەتراپتىكى ۋە بەلكى مەملىكەتتىكى بارلىق مەكتەپلەرگە رەھبەرلىك قىلىشى كېرەك. رەھبەرلىك ئىشلىرىدا ئىقتىدارلىق مۇئەللىملەرنىڭ كېڭىيىشىگە تۈرتكە بولۇشى ئۈچۈن كەڭرى ھوقۇق بېرىپ، مۇئەللىملەرنى يېتىلدۈرۈش ۋە مەخسۇس پەنلەردە ئوقۇش ئۈچۈن چەت دۆلەتلىرىگە يوللىنىلىدىغان شاگىرتلار تەييارلاش قاتارلىق ۋەزىپىلەر يۈكلەنسۇن. دارۇلمۇئەللىمىنلىرىمىز دارۇلئېرپان بولسۇن.

شارائىت ۋە ۋەزىيىتىمىزگە مۇۋاپىق نىزام ۋە قائىدىلەر تۈزۈلسۇن!

يۇرتداشلىرىمىزنى ئىلىم ۋە مائارىپ بىلەن زىننەتلەپ، ئىلىم ۋە ئېرپانلىرىمىزنى ئىنسانىيەتنىڭ ئەبەدىي سائادىتى بولغان ئىسلام دىنىغا ۋە شەرىئەتى غەرراغا (بېجىرىم ئىلاھى قانۇن) تەتبىق قىلساق، ئىنشائاللاھ ئىككى دۇنيا سائادىتىگە نائىل بولىمىز.

﴿وَالَّذِينَ أُوتُوا الْعِلْمَ دَرَجَاتٍ﴾ «(ئاللاھ) ئىلىم بېرىلگەنلەرنى بىر قانچە دەرىجە يۇقىرى كۆتۈرىدۇ» (مۇجادەلە سۈرىسى 11 ـ ئايەت)

***1352 ـ يىل 6 ـ شەئبان (1933 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى)***

***ئابدۇراھمان لوقمان ئەلباشقۇردى***

## بىزگە تاش يۈرەكلىك (چىدامچان) ئىشچىلار كېرەك

يېڭى قۇرۇلغان دۆلىتىمىزنىڭ تۈرلۈك دائىرىلىرىدە دۆلەت ئىشلىرىنى لايىق بىر رەۋىشتە يۈرگۈزۈپ ئېلىپ بارىدىغان مەلۇماتلىق، مۇتەخەسسىس ئىشچىلارنىڭ بىزگە ھاۋا، سۇ كەبى مەدارى ھاياتىمىز (ھاياتلىق مادارىمىز) بولغانلىقى، ئاگلىق ۋە بەسىرەتلىك (يىراقنى كۆرەر) ھەر بىر يۇرتداشلىرىمىزغا مەلۇمدۇر. يالغۇز (ئەمما) بىزنىڭ مۇھىتىمىزدا ئىشلەيدىغان ئىشچىلارنىڭ تاش يۈرەكلىك، مۇستەھكەم ئىرادىلىك ۋە چىداملىق بولۇشى شەرتتۇر.

تاش يۈرەكلىك، مۇستەھكەم ئىرادىلىك ۋە چىداملىق قەھرىمانلاردىن باشقا ھەرقانداق كىشى، مەيلى كىم بولسا بولسۇن، شەرقىي تۈركىستاندا بىر داچەنچىلىك كارامەت كۆرسىتەلمەيدۇ. شۇنى خاتىرىمىزدە تۇتايلىكى، مۇستەھكەم ئىرادە ۋە چىدامچانلىق تەدبىرگە باغلىقتۇر. ئىشلارنى مۇھىت ۋە شارائىتنىڭ تەلىپىگە كۆرە تەتبىق قىلىش، ۋەزىيەت بىلەن ھېسابلىشىش بەسىرەتلىك ئىشچىلارنىڭ ئەمەلىيىتىدىكى ئەڭ مۇھىم بىر ئىشتۇر.

روھىي ئەھۋال (ھالەت) ۋە ۋەزىيەت بىلەن ھېسابلىشىپ يەنى ئومۇمىي خەلق پىكرى كۆتۈرەلەيدىغان ئەھۋال

ئاستىدا ۋەزىپىنى بەجا كەلتۈرۈش، ھارماي - تالماي، قورقماي ئىشنى ئاققۇزۇپ پىروگراممىلارنى توشقۇزۇش ھەر بىر ئىشچىنىڭ، ھەر بىر مۇنەۋۋەر ياكى مۇتەخەسسىسنىڭ نىسبۇسى ئەمەستۇر. بىرى مەلۇماتلىقو ئەمما ئىشچى ئەمەس، بىرى ھەم مەلۇماتلىق ھەم ئىشچى، ئەمما مۇستەھكەم ئىرادىلىك ئەمەس، يانا بىرىسى بولسا، مەلۇماتلىق، ئىرادىلىك بىر ئىشچى ئەمما بەكلا نازۇك ۋە تەرسا، قانداقلا بولمىسۇن، ئىشلەيدىغان ئىشچىلارنىڭ ئەخلاقلىرىنىڭ گۈزەل بولۇشى ئەڭ مۇھىم شەرتتۇر. ئىشچىلار توغرىسىدا بۇنچىلىك ئۇستىدە تۇرۇشنىڭ نىمە ھاجىتى بار؟ دەيدىغانلار بولۇشى مۇمكىن.

پەقەت بۇ جاي شەرقتۇر يەنى شەرقىي تۈركىستاندۇر. دىمەك شەرقىي تۈركىستاندا ئەرەبستان ياكى تۈركىيە ۋە ئافغان ھاياتىنى ھېچ ئۆزگەرتمەستىن ئۆز بويىچە قوبۇل قىلىش ۋە تەتبىق قىلىش تەرسالىق بولىدۇ. بىر قەۋمنىڭ ھاياتى دىمەك ئۇنىڭ تۇرمۇشى، ئۆرپ - ئادىتى، ئەخلاقى ۋە تەبىئىتى دىمەكتۇر.

بىزدىكى بەزى مۇنەۋۋەرلىرىمىز «مۇستەھكەم تۇرۇش» نى ھەر خىل خاتالىقلارغا پىسەنت قىلماي، كۆز قىسىپ قويۇپ ئۆتۈۋېرىش، دەپ چۈشەنگەندەك، بەزىلىرىمىزنىڭ شەرقىي تۈركىستان ھاياتىدىكى ئاڭ ۋە پىكىرلىرىمىز خاتا چۈشىنىلمىسۇن. مەقسىتىمىز، شەرقتە ئىش ئېلىپ بېرىش

ئۈچۈن شەرقلىقلىق بولغىنى دېمەكتۇر. ياۋروپانىڭ تۇرمۇش ھاياتى، ئەخلاقى ۋە قىياپىتى شەرقتە مەنپۇر (كىشىلەر نەپرەتلىنىدىغان) بىر تۇرمۇش بولغانلىقى ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستاندا ئۇنى قوللىنىش بىلەن نەپرەت كەسىپ قىلىش (نەپرەتلىنىشنى پەيدا قىلىش) تىن باشقا ھېچ بىر پەزىلىتى يوقتۇر. بىزگە ياقا تۈزەلتىپلا يۈرىدىغان، ئۇپا - ئەڭلىك سۈرتۈپ پەردازچىلىق قىلىدىغان مېكىيان مىجەز خۇمسى ئىشچىلارنىڭ كېرىكى يوقتۇر. شەرقىي تۈركىستانغا تاشنى ياستۇق، تۇپراقنى يوتقان قىلىشتىن نەپرەتلەنمەيدىغان (يانمايدىغان) دەردلىك ئىشچىلار، باتۇر دىنچىلار كېرەك.

مەملىكەتنىڭ ئىچى ۋە سىرتىدا مۇشۇنداق دەردلىك، باتۇر تومۇرداشلىرىمىز ئاز ئەمەس. بۇنداق تومۇرداشلارغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىشىكى ھەر ۋاقىت ئوچۇقتۇر. تۈركىستان، تۈكىستانلىقنىڭدۇر. قاشنى چىقىرىمەن دەپ، كۆز ئويىدىغان زاتلىرىمىزنىڭ بارلىقىدىن يوقلۇقى تۈزۈك، تەجرىبە بۇنى ئۆگەتتى.

قەيەردە بولسا بولسۇن، مۇھاجىر دەردلىك تومۇرداش ئىشچىلىرىمىزنىڭ تەشرىپ قىلىشىنى شەرقىي تۈركىستان باش - كۆزى بىلەن ساقلايدۇ. شەرقىي تۈركىستانغا خىزمەت قىلىشقا تومۇرى سوقمىغان تومۇرداشلىرىمىزنىڭ ئەلۋەتتە ئىمانى ۋە ۋىجدانى يوقتۇر. شەرقىي تۈركىستان ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا تەييار قەيەردە بىر تومۇرداش

بولسۇن، ئۇخلاپ قالغان بولسا ئويغانسۇن، ئولتۇرغان بولسا قوپسۇن، قوپقان بولسا يۈگۈرسۇن، يولدا بولغان بولسا ئۇچسۇن! ئىمان، ئىسلام ئۈچۈن ۋە تۈركلۈك ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى ئارزۇ قىلساڭ، ئۇلۇغ تۈركستانغا كەل!

*سۇپىزادە. 14 شەئبان (1933 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى)*

## شەرقىي تۈركىستاندا بۈگۈنكى ھايات

تۈركىستانىمىز ھازىرقى ۋاقىتلاردا ناھايىتى نازۇك مىنۇتلار ئۆستىدە. تۈركىستاندىكى دىنىي ۋە مىللىي ھاكىمىيەت ئاسانلىق بىلەن قولغا كەلمىدى. ئىنقىلابىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدىن باشلاپ بۇ تۈتىنچى يىلدۇر. خىتاي، قالماق، رۇس ۋە تۈرك مىللەتلىرىدىن ئىبارەت بىرلەشكەن ئۇرۇمچىنىڭ نۇرغۇن ئارمىيەسىگە قارشى مىللىي مۇجادىلە كۆرەشلىرىدە تۈمەن - تۈمەن قانلار تۆكۈلۈپ قولغا كەلگەن ئەركىنلىك سايىسىدا ئۇشبۇ ئىسلام ھاكىمىيىتى قۇرۇلدى.

ئەمدى بۇ مۇستەقىل دۆلەتنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ھەقىقىي بىلگەندىن كېيىن، ئۇنى قولدىن بەرمەسلىك يولىدا تىرىشچانلىق قىلىشىمىز دىنىي، مىللىي ۋە سىياسىي ۋەزىپىلىرىمىزدۇر. خىتاي مىللىتىنىڭ بۇ ۋاقىتقىچە بۇ قەدەر ۋەھشىي، بۇ قەدەر زالىملىقىنى بىلمىگەن ئىكەنمىز. مەن ئۆزۈم ئىنقىلابىنىڭ دەھشەتلىك دولقۇنلىرىدا بۇيۈك پاجىئەلەرنى كۆز ئالدىمدىن كەچۈردۈم. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇرۇمچىنىڭ ئەتراپلىرىدىكى ھاكىملىق شەھەر ئەتراپلىرى تۇپراققا ئايلىنىپ، دەشت - باياۋان ھالىغا كەلگەنلىكىنى، شۇنچە بىگۇناھ مىڭلارچە خانىلەرنىڭ ۋە ئائىلىلىرىنىڭ

ۋەھشىي ئازابلار بىلەن قەتلىئام قىلىنغانلىقىنى ۋە سەككىز يۈزدىن ئارتۇق مۇسۇلمان باللارنى، ئەر ـ خوتۇن، قىز ۋە ئۇششاق مەسۇملەرنى بىر جايغا جەم قىلىپ، مېھرىبان ئاتا ـ ئانىلىرىنىڭ كۆز ئالدىدا تەلمۈرتۈپ، قارىتىپ قويۇپ، مەسۇم ياش ئوغۇل ـ قىزلارنى پۇتلىرىدىن باغلاپ، باشلىرىنى تۆۋەن قىلىپ، ئوت يېقىپ، جەھەننەم كەبى ئۇ ئوتقا تاشلاپ تىرىك پېتى كۆيدۈرۈپ، كېيىن ئاتا ـ ئانىلىرىنى ئۈچ ـ تۆت كۈندەك قىيناپ، تامامەن ئۆلتۈرگەنلىكىنى كۆردۈم. ھالبۇكى، بۇ بىچارىلەر سىياسىي جىنايەتچى ئەمەس ئىدى. پەقەت تەدبىرسىز خائىن تۇڭگانلار شۇ ناھىيەگە كىرىپ ئاھالىسىنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ چىقىپ كەتكەن. بۇ تۇڭگانلار كىرگەن بارلىق يەرلەر شۇ سۈرەتتە دەھشەتلىك پاجىئەلەرگە ئۇچرىدى.

ئۈرۈمچىدە ھاكىم ۋە باشقا ھۆكۈمەت ئارمىيەسىدىن باشقا، ساقچى دائىرىلىرىدە ھەركۈنى ئەللىك ـ ئاتمىش بىگۇناھ ۋەتەندىشىمىزنى يالىڭاچ قىلىپ، باشلىرىدىن بىر قاداق يەر مېيىنى قۇيۇپ، پۈتۈن ئەزالىرىغا يەتكۈزۈپ، ئايىغىدىن ئوت يېقىپ كۆيدۈردىلەر. ئوت بويىنىغا تۇتاشقۇچە ئىنسانىنىڭ جېنى چىقمايدىكەن. شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئىشلەنگەن، ھازىرمۇ ئىشلىنىۋاتقان، جاھان تارىخىدا نەمۇنىلىرى كۆرۈلمىگەن ۋەھشىيلىك ۋە مۇشۇنداق ۋەھشىيلىكلەرگە دۇچار بولغان ۋەتەنداشلىرىمىز كاشكى شۇ ۋەھشىيلەرگە قارشى كۈرەشكە قاتناشقان

كىشىلەر بولغان بولسا ئىدى. ياق ئۇنداق ئەمەس. بۇ بىچارىلەر خىتايلاشقان خىچىرلارنىڭ جاسۇسلۇقى، شەخسىي ۋە خۇسۇسىي ئاداۋەت ۋە ئىنتىقام مەقسىتى بىلەن ياكى خىتايلارغا يېقىن مۇتىۋەر بولۇپ، ئابرۇيىنى ئاشۇرۇش خىيالى بىلەن قىلىنغان ۋەھشىيلىكلەردۇر. ھازىرغىچە بىز شەرقىي تۈركىستان ئاھالىسى مۇشۇنداق دەھشەتلىك پالاكەتلەردىن پۈتۈنلەي قۇتۇلغىنىمىز يوق.

دۈشمەنلەر بىزلەرنى مۇشۇنداق ۋەھشىيلىكلەر بىلەن تامامەن يوق قىلىپ، مۇقەددەس تۇپراقلىرىمىزغا خىتايىستاندىن خار ۋە پەسكەش مەخلۇقلارنى ئېلىپ كېلىپ، ئىسلام ۋە تۈركلەرنىڭ بۆشۈكى بولغان ئۇلۇغ شەرقىي تۈركىستانىمىزنى خىتايلاشتۇرۇپ يوقاتماقنى ئەپيۇن كەيپى بىلەن خىيال قىلىۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ھازىرلىقلىرى يوقمۇ ئەمەس. مانا مۇشۇنداق نازۇك مىنۇتلاردا بىز تەييارلىقتا بوشاڭلىق قىلىپ، ئۆز ئارا تەپرىقچىلىك جەڭگى - جېدەل بىلەن ئاۋارە بولۇپ تارىختا ئۆتكۈزگەن چۈرۈك خاتالىقلىرىمىزنى تەكرارلىساق، كۆرىدىغان كۈنلىرىمىز يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ۋەھشىيلىكلەردىن ئارتۇق بولسا بولىدۇ، ھەرگىزمۇ ئاز بولمايدۇ. مەسىلىنىڭ نازۇك نۇقتىسى ۋە ئېھتىيات قىلىدىغان يېرى مانا مۇشۇدۇر. قەشقەر ۋىلايىتىدىن ئىگىلىگەن مەلۇماتلىرىمىزغا كۆرە، مۇشۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۆزئارا پۈتىشەلمەسلىك بىلەن ئاۋارە بولۇشۇشلار داۋام قىلىۋاتقۇدەك. ئەي مۇسۇلمان تۈرك

باللىرى! سېنىڭ دۈشمىنىڭنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى كۆرگىن! ئــەي شــەرقىي تۈركىســتان يۇرتداشــلىرى! دۆلىتىمىزنىــڭ ئەبەدىــي بولۇشــى، مىللىــي ئىنقىلابىمىزنىــڭ كېڭىيىشــى يولىــدا بىــر پىكىــر، بىــر مەقســەت بىلــەن قولنــى قولغا بېرىــپ چاپلىشــىڭلار!

جانابىــي رەببىلئالەمىــن ھەممىمىزگــە بىرلىكنــى نېســىپ قىلســۇن!

*27 رەجــەب (1933 ـ يىلــى 12 ـ ئاينىــڭ 16 ـ كۈنــى)ـ ئاقســۇ.*

*كەرىمخــان غوپــۇرى*

## شەرقىي تۈركىستاندا پۇل مەسلىسى

دۆلەتنىڭ چىقارغان يېڭى مىللىي قەغەز ئاقچىلىرى (پۇللىرى) تۆپەيلى ئۇزۇن زاماندىن بېرى شەرقىي تۈركىستان پۇل بوھرانىنى ياشاپ كەلمەكتە ئىدى. ئۈرۈمچىنىڭ نىزامسىز قارا مۇستەبىت خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ھەر بىر دائىرىسىدە ئىنتىزامسىزلىق ۋە ئۆز باشچىلىق قانداق داۋام قىلغان بولسا، ئۇنىڭ مالىيە ئىشلىرىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىنتىزامسىزلىق ۋە ئۆز باشچىلىق داۋام قىلغان ئىدى.

ئاقچا مەسلىسىدە پۈتۈن جاھاندا مىسلى كۆرۈلمىگەن رەسۋاچىلىقلار ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتىدە بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن، ئۈرۈمچى ھۆكۈمىتى ئاقچا چىقارتىش ئىشلىرىنى مۇنتىزىم ۋە مۇئەييەن بىر يولغا قويالمىغان ئىدى، ھەر بىر ۋىلايەت ئۆز بېشىغا خالىغانچە ئاقچا چىقىراتتى. بىر ۋىلايەتتە چىقارغان خىتاي ئاقچىسى ئىككىنچى بىر ۋىلايەتتە ئۆتمەيتتى. چىقىرىلغان ئاقچىلارنىڭ گىرۋىكىدە نومۇرىمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستان ساختا ئاقچىغا تولۇپ كەتكەن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۈرۈمچى خىتاي ھۆكۈمىتى تۈركىستاننىڭ ئالتۇن، كۈمۈش

بايلىقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئالدى، بازارلاردا ۋە خەلقتە ئالتۇن - كۈمۈش قالمىدى. باھاسى ئېشىپ كېتىپ تاپالىغاندىمۇ 10 سوملۇق رۇس تىللاسى 150 سەرگە سېتىلاتتى. پۈتۈن ماللار يۈزدە 75 ئۆسۈم بىلەن ئېشىپ كېتىپ، كاسىپ ۋە ھۈنەرۋەنلەر ئېغىر ئەھۋال (كۈنلەرنى) كەچۈرگەن ئىدى. 30 - 32 يىللاردا خىتاي ئاقچىسىنى قولىدا تۇتۇشتىن نەپرەتلىنىدىغان بولدى-دە، كىمنىڭ قولىدا ئاز - تولا ئاقچا بولسا، ئالدىراپ بازارلاردا كۆزىگە كۆرۈنگەن مالنى ئەزان ياكى قىممەت بولۇشىغا قارىماستىن ئېلىپ، قانداقلا بولمىسۇن، خىتاي ئاقچىسىدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى ئىزدەشكە كىرىشتى.

مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن نەرخ ۋە باھالار 4-3 ھەسسە ئېشىپ كەتتى. نەتىجىدە بىر سەرلىك خاپپيو[1]دىن باشقا 4 تەڭگىلىك سەنپيو[2] بىلەن بەش سەرلىك قەغەز ئاقچىلار بەك ئېغىر تۆۋەنلەپ كېتىپ، بارا - بارا خەلق ئىچىدە پەقەتلا ئالماس ۋە ئۆتمەس بولۇپ قالدى. خىتاي ھۆكۈمىتى تەمتىرەپ ۋە ئالاقزادە بولۇپ خەلققە ھەر كۈن بىر جاكار چىقىرىپ: «سەنپيو ئېلىنمايدۇ، خاپپيولار ئېلىنىدۇ» 2 - كۈنى جاكار چىقىرىپ: «باجخانىلاردىن تارتىپ پۈتۈن خەلق سەنپيو ۋە خاپپيولارنى ئايرىماستىن

[1] ئەينى ۋاقىتتا قەشقەردە ئىشلىتىلگەن پۇل ئىسمى.

[2] ئەينى ۋاقىتتا قەشقەردە ئىشلىتىلگەن پۇل ئىسمى.

ئالىدۇ، ھەركىم ئالمىسا جازالىنىدۇ.» دەيتتى. بىچارە خىتايلار ھەر تۈرلۈك تەدبىرلەرنى ئالغان بولسىمۇ، قىممەتسىز ئاقچىلىرىنىڭ ئېتىبارىنى كۆتۈرەلمىدى. يەنە خىتاي ئاقچىسى ئۆز پېتى داۋام قىلدى. شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازادلىق ئىنقىلابىنىڭ ئۇچقۇنلىرى پۈتۈن ئۆلكىگە چېچىلىپ، ئازادلىق دەۋرى كېلىپ، مىللىي دۆلەت قۇرۇلغانلىقى ئۈچۈن، مالىيە مىنىستىرلىقىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى - ھەم بۈيۈك ۋە مۇھىم بولغان ئىشى يېڭى مىللىي ئاقچىلارنى چىقىرىش مەسىلىسى بولۇپ، بۇ مەسىلە باش مىنىستىر ۋە مىنىستىرلار ھەيئىتى ھۇزۇرىدا مۇزاكىرە قىلىنىپ، ھەيئەتنىڭ 52 - يىل 24 - رەجەب تارىخلىق مەجلىسىدە يېڭى مىللىي ئاقچا چىقارتىش قارار قىلىندى.

# يېڭى چىققان مىللىي ئاقچا توغرىسىدىكى باش مىنىستىرنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشى

## ئېلان

*1352 - يىل 25 - رەجەب (1933 - يىلى 12 - ئاينىڭ 14 - كۈنى)*

بارلىق يۇرتداشلارغا ھەم پۇقرالارغا مەلۇم بولسۇنكى، بۈگۈنگىچە تەرتىپلىك ۋە ئىنتىزاملىق ھۆكۈمەت قۇرۇ-لالمىغانلىقى جەھەتتىن (ئۈچۈن) پاراكەندىچىلىك بولغان بولۇپ، ئەمدى ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ ئىنتىزامسىزلىق، ئۆزباشچىلىقلارغا خاتىمە بېرىلدى.

ئىنسانىيەت دۇنياسىغا ئىلىم ۋە مەدەنىيەت دەرسلىرىنى بېرىپ ئۇستازلىق قىلغان سەلەپ (بۇرۇنقى) مۇسۇلمانلىرىمىز ئىدى. سەلەپلىرىمىز ھەر بىر خۇسۇستا تەرەققىي قىلغان، يېڭى كەشپىيات ۋە ئىجادىيەتلەرنى مەيدانغا كەلتۈرگەن ئىدى. ئۇمەۋىيلەر خەلىپىلىرىدىن ئابدۇلمەلىك ئىبنى مەرۋان ھەزرەتلىرى سودىگەرلەرگە ئاسانلىق بولسۇن ئۈچۈن، قەغەز ئاقچا چىقارغان ئىدى. باشقا دۆلەتلەر قەغەز ئاقچا چىقىرىشنى بىزنىڭ خەلىپىمىزدىن ئۆگەنگەن ئىدى.

دۆلەتنىڭ تەمىناتى ۋە سودىگەرلەرنىڭ ئىشلىرىنى

ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن جانابى رەئىسى جۇمھۇر خوجىنىياز ھاجىم ھەزرەتلىرىنىڭ ئىجازىتى بىلەن، ھەم رەئىسى جۇمھۇر ھەزرەتلىرىنىڭ سالاھىيەتلىك ۋەكىلى كىراملىرى (سابىت ئابدۇلباقى) بىلەن بىرگە ئەھلۇلھەل ۋە ئەقد (ئالىي مەسلىھەت كېڭىشى) مىنىستىرلار ھەيئىتىنىڭ ئىتتىپاقى ۋە توختاملىرى بىلەن بارلىق شەرقىي تۈركىستاندا ئۆتىدىغان بىر سەرلىك ھەم بەش مىسقاللىق مىللىي ئىسلام ئاقچىسى چىقىرىلدى.

ئۇشبۇ چىقىرىلغان مىللىي ئاقچىغا بارلىق پادىشاھلىق (دۆلەت ئىگىدارچىلىقىدىكى) زېمىن ۋە ئىمارەتلەر، دۇكان ۋە سارايلار گۆرە ۋە رەھىن قىلىنىدى. ئۇشبۇ مىللىي ئاقچا ھۆكۈمەتنىڭ ھەممە ئىدارىلىرىدا زاكات، باج ۋە پوچتا كەبى بارلىق كىرىملەردە قوبۇل قىلىنىدۇ. پۈتۈن ھۆكۈمەت دائىرىلىرى ۋە بارلىق يۇرتداشلار ئۇشبۇ يېڭى مىللىي ئاقچىنى قوبۇل قىلىدۇ. ئۆز ئارا مۇئامىلىلەردە ئىھتىرام بىلەن يۈرگۈزىدۇ. ئەگەر بۇ خۇسۇستا پەرۋاسىزلىق قىلىنسا ياكى ياسىما ساختا ئاقچا چىقىرىلسا، ساختىپەزلەرنىڭ گۇناھىنى دۆلەت ئەپۇ قىلمايدۇ، ناھايىتى ئېغىر، قاتتىق جازا بېرىلىدۇ.

يېڭى مىللىي ئاقچىنىڭ سانى، مەتبە ۋە باشقا كەمچىلىكلەر سەۋەبىدىن ھازىرچە كۆڭۈلدىكىدەك چىقىرىشقا ئۇلگۈرمىگەنلىكى ئۈچۈن ۋاقتىنچە خىتاي ئاقچىلىرىمۇ

ئىستېمال قىلىنىپ تۇرۇلىدۇ.

سۇپىزادە

ئۆزرە: ئۆزىمىزدىن بولمىغان بەزى سەۋەبلەرگە بىنائەن، يېڭى چىققان مىللىي ئاقچىنىڭ نەمۇنىسى (رەسىمى) نى بىرگە بېرەلمىدۇق.

ئىدارە

# ئەدەبیات ـ سەنئەت

## ھايۋانات (لار) تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان ھېكايە

«ئىستىقلال مەجمۇئەسى» نىڭ 65 - بېتى.

بارلىق ھايۋانلار، ئىنسانلاردىن كۆرگەن ھەر تۈرلۈك جەبىر - زۇلۇملاردىن قۇتۇلۇش، دۇنيادا راھەت ۋە تىنچ - ئامان تىرىكچىلىك قىلىش ئۈچۈن ۋە مەقسەتلىرىگە يېتىشنىڭ بىرەر چارە - تەدبىرىنى ئىزدەش نىيىتى بىلەن بىر يەرگە توپلىشىپ مەسلىھەتلەشمەكچى بولدىلەر. كۆپ تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندىن كېيىن ئاخىرى بىر يەرگە جەم بولۇشتى. مەجلىس رەسمىي بىر شەكىلدە ئېچىلىپ، ئارسلاننى رەئىس، شىرنى باش كاتىپ قىلىپ سايلىدى. ھايۋانلارنىڭ بۇ مەجلىسى ئومۇمغا ئوچۇق، ھايۋان نامىنى ئالغان ھەر بىر جانىۋارنىڭ مەجلىسكە كىرىش ھوقۇقى بار بولۇپ، بىر - بىرىنىڭ ھەققىگە تاجاۋۇز قىلماسلىق شەرتى بىلەن، خالىغانچە سۆز قىلىش ئىختىيارلىقى بار ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ مەجلىستە ياۋايى ھايۋانلارغا ئوخشاش ئۆي ھايۋانلىرىدىنمۇ ۋەكىللەر بار ئىدى. ئەزالار توپلاشقاندىن كېيىن مەجلىس ئېچىلىپ، رەئىس ئەپەندى مۇنبەرگە چىقتى - دە، جامائەتكە قاراپ سۆزگە باشلىدى:

ئەي جىنسداشلار! سىلەرگە مەلۇم بولغاندەك كۆپ

تىرىشچانلىق نەتىجىسىدە ئۆزىمىزگە خاس بولغان ئۇشبۇ ئۇلۇغ جەمئىيەتكە ئىگە بولدۇق. بىز ھايۋان مىللىتى ئىنسان بالىلىرىدىن ناھايىتى كۆپ، ھەددى - ھېسابسىز جەبىر - زۇلۇم كۆرۈۋاتىدۇ. ھەممىڭلارغا مەلۇم بولغاندەك، ئەمدى جەبىر - زۇلۇمدىن قۇتۇلۇش، دۇنيادا تىنىچ ۋە خاتىرجەم كۈن كەچۈرۈش ئۈچۈن چارە تېپىش مەقسىتىدە ئۇشبۇ ئالىي مەجلىسگە يىغىلدۇق. مۇشۇ مۇھىم مەسىلە توغرىسىدا ھەركىمنىڭ ئۆز پىكرىنى ۋە چۈشەنچىسىنى سۆزلەش ئەركىنلىكى بار. يەنە ھەر بىرىڭىز بۇ توغرىدا كۆڭلىدىكى دەردلىرىنى، ئارزۇ ۋە مەقسەتلىرىنى نۆۋەت بىلەن ئىسمىنى يازدۇرۇپ سۆزلىسۇن، دەپ سۆزىنى توختىتىپ يىغىن ئەھلىگە قاراپ تۇردى.

بىرەر سىكۇنتمۇ ئۆتمەستىن يىغىن ئەھلىدىن تۈلكە بېشىنى كۆتۈرۈپ: «مېنى يېزىڭ» دەپ ئىشارەت قىلدى. كېيىن باشقا ھايۋانلارمۇ بىر - بىرىنىڭ كەينىدىن سۆزلەش ئۈچۈن ئىسىملىرىنى يازدۇردى.

تۈلكە مۇنبەرگە چىقىپ جامائەتكە قاراپ تازىم قىلغاچ مۇنداق دېدى:

- ئەپەندىلەر! بۇ ئورۇنغا نىمە مەقسەت بىلەن چىققانلىقىمىزنى رەئىس ئەپەندىم ئاڭلاتتى. ئىنسان بالىلىرىدىن ھەققىمىزگە قىلىنىۋاتقان تاجاۋۇزلار، جەبىر - زۇلۇم ھەققەتەن بىزلەرنى بۇ يەرگە يىغىلىپ شىكايەت

قىلىشىمىزغا مەجبۇر قىلدى. ئۇلارنىڭ يېنىدا ئىككى پۇللۇق قەدرى - قىممىتىمىز قالمىدى. بىز ھايۋان مىللىتىنى قەيەردە كۆرسىلەر ئۆلتۈرىدۇ. گويا بىزلەر يوشۇرۇن مەزھەپلەر (يەر ئاستى گۇرۇھلار) گە مەنسۇپ كىشىلەرگە ئوخشاش ھەر يەردە قېچىپ يوشۇرۇنۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولدۇق. دۇرۇس، راست ۋە ھەقىقەت ئەھلى بولغانلار ئەڭ ئەۋۋەل ئۆزلىرىنىڭ پىكىرلىرىنى مەخپىي تارقىتىدۇ. لېكىن بىزنىڭ چۈشەنچىلىرىمىز ئۇنداق ئەمەس، ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز ساقلىمساق ئىنسان بالىلىرى بىزلەرگە ھېچ ۋاقىت مېھرىبانلىق قىلمايدۇ، ئارام بەرمەيدۇ. مەسىلەن، مەن ئۆز ھالىمدىن ئىبرەت ئالىمەن. بىزنىڭ تېرىلىرىمىزنى سويۇپ، ئايرىپ سېتىپ پايدا ئالىدۇ. ئۆزىمىز ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئېتىباردىن چۈشۈپ كەتكەنمىز. ئەمما تېرىمىز ئۇلارغا بەك قىممەتلىكتۇر. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار بىزلەرنى «ئالدامچى، ھىيلىگەر» دەپ بوھتان چاپلاپ يۈرىدۇ. پۈتۈن جاھاندا بىزلەرنى ئالدامچىلىق بىلەن ئەيىبلەپ قارىلايدۇ. ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدىن بىرەرسى ھىيلىگەرلىك، ئالدامچىلىق قىلسا، ئۇنى (تۈلكە) دەپ بىزنى مىسال كەلتۈرىدۇ. قاراڭلار ئەپەندىملەر! ئىنسان بالىلىرى بىزنىڭ ئۈستىمىزدە قانچىلىك ۋە قانداق ناھەق ھۇجۇملار قىلىۋېتىپتۇ؟

ئەپەندىلەر! ئەگەر بىز ئالدامچى بولساقمۇ، ئىنسانلارغا يېتىشەلەمدىكەنمىز؟ ئۆزىمىزنى ساقلاش يولىدا شۇنچىلىك تەدبىر ئالمىغان بولساق، ئىنسان جىنسىنىڭ شەررىدىن

ۋە پىتنىسىدىن قۇتۇلۇشىمىز مۇمكىن بولاتتىمۇ؟ بۇ چاققىچە بىزلەر دۇنيادا مۇنقەرز بولۇپ، يەر يۈزىدە بىزدىن نام - نىشان قالارمىدى؟ - بۇ ئەسنادا رەئىس بىلەن باش كاتىپ قولاقلىرىنى بىر - بىرلىرىگە يېقىنلاشتۇرۇپ بىر نەرسە توغرىسىدا پىچىرلىشىۋاتاتتى، تولكە بولسا ئۆزىنىڭ سۆزىنى تېخىچە داۋام قىلدۇرۇۋاتاتتى. - باشقا ھايۋانلارمۇ ئىنسانلارنىڭ دەخلى - تەرۇزلىرىدىن ھېچبىر ۋاقىت ئەمىن بولۇپ تۇرالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھېچ كېچىكتۇرمەستىن بۇ زۇلۇمدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى تېپىشىمىز زۆرۈر ۋە لازىمدۇر. بۇ توغرىدا بىزلەردىن كۈچلۈكرەك ۋە غەيرەتلىكرەك جىنسداشلىرىمىز قانداق قارايدىكىن، - دەپ تولكە ئەپەندىم سۆزىنى ئاخىرلاشتۇردى. بارلىق يىغىن ئەھلى چاۋاك چالدى.

- داۋامى بار

## باشلاندى[1]

قىلىپ تەكرى ئىنايەت، بىزلەرگە ئىقبال باشلاندى،
ئۈزۈلدى زەنجىرى زىللەت، ئەجەب بىر ھال باشلاندى،
پىكىر روھلىرىنى قىلغىلى خۇشھال باشلاندى،
تىرىشتى مىللىتىم غەيرەت بىلەن، ئىستىقبال باشلاندى،
ئۆتۈپ دەۋرى ئەسىرى، دەۋرى ئىستىقلال باشلاندى،
پەيغەمبەر سۈننەتىنى ئەيلەمەك ئىجلال باشلاندى.

ئۆتۈپ تارىخى مىڭ ئۈچ يۈز ئەللىك ئىككى ھىجرىدىن،
يىگىرمە ئۈچ رەجەب شەنبە كۈنى ئەھلى جەمئىيەتتىن،
ھۆكۈمەتنىڭ قوناقىغا يىغىلدى ئالى ھىممەتتىن،
ھەممە كاتتا قوماندانلار كېلىشتى ياخشى نىيەتتىن،
ئۆتۈپ دەۋرى ئەسىرى، دەۋرى ئىستىقلال باشلاندى،
پەيغەمبەر سۈننەتىنى ئەيلەمەك ئىجلال باشلاندى.

ئەزىز مېھمانىمىز مەخمۇد نەدىمبەگ رەھبىرى مىللەت،
قوماندانلارغا بېقىپ، دېدى ئەيلەيىن مىللەتكە خىزمەت،
شەھەرلىك، ئەندىجانلىق ھەمدە قىرغىزسەن دېمەڭ ھېچ ۋاقىت،

---

[1] شەرقىي تۈركىستان دۆلىتىنىڭ قۇرۇلۇشى مۇناسىۋىتى بىلەن، دارىلمۇئەللىمىن مۇدىرى تۇغرۇلبەگ تەرىپىدىن ئۇلۇغ نامايىشقا بېغىشلاپ ئېيتىلغان قوشاق.

ھەممىمىز بىر ئاتا ئەۋلادى، ھەم ئەفرادى[1] بىر مىللەت،
ئۆتتۈپ دەۋرى ئەسىرى، دەۋرى ئىستىقلال باشلاندى،
پەيغەمبەر سۈننەتىنى ئەيلەمەك ئىجلال باشلاندى.

ئېلىپ مۇسھەپ[2]نى قولىغا، خىزمەت قىلىشقا قەسەم ئەيلەپ،
ئۇ تۈركلۈك ھېسسىياتى بىلەن بىزلەرگە كەرەم ئەيلەپ،
ئۇ يەرگە ھازىر بولغانلارغا قىلدى تەسىر كۆزنى نەم ئەيلەپ،
ئىتائەت قىلدىلەر ھەر قايسىسى قەدىمىنى جەم ئەيلەپ،
ئۆتتۈپ دەۋرى ئەسىرى، دەۋرى ئىستىقلال باشلاندى،
پەيغەمبەر سۈننەتىنى ئەيلەمەك ئىجلال باشلاندى.

سوقۇش مىنىستىرلىقىغا بارلىق مەجلىس ئەھلى تەرىپىدىن،
ئوراز بەگ قويۇلدى ھەممە قوماندان قارارىدىن،
بولۇپ مەركەز قوماندانى بۇ باتۇرلار ئاراسىدىن،
ئۇ ۋاقىت مىڭبېشى يۇسۇپجان بولدى مىللەت ئوغلانىدىن،
ئۆتتۈپ دەۋرى ئەسىرى، دەۋرى ئىستىقلال باشلاندى،
پەيغەمبەر سۈننەتىنى ئەيلەمەك ئىجلال باشلاندى.

بۇگۈن يەكشەنبە خۇرشىد تاكى چىقاردى باش،
بۇلۇتلار بىرلە بىلمەيمەن، ئۆز ئارا قىلدىمۇ كۈن كېڭەش،
كى توسقۇن بولمىغىن، ھۆسنىمنى ئۇلارغا قىلدۇرۇپ پاش،

[1] ئەفراد - ئەزاسى، مەنسۇپى.

[2] مۇسھەپ - قۇرئان كەرىم.

ئەتتىگىنىم ياخشى بولدىكى، كۈن ئۇنىڭغا بولۇپ يولداش،
ئۆتتۈپ دەۋرى ئەسرى، دەۋرى ئىستىقلال باشلاندى،
پەيغەمبەر سۈننەتىنى ئەيلەمەك ئىجلال باشلاندى.

بىزنىڭ بايراقىمىز رەڭگىدە كەيگەن ئىدى ئاسمان خىلئەت[1]،
تەمىز[2] ئەيلەر ئىدى يەرنى، قىلىپ بادىسابا[3] خىزمەت،
كۈلۈپ ئويناپ باقىپ ھەريان، ئىدى شاھ ـ گاداي خۇش ۋاقىت،
دۇئا ئەيلەر ئىدى خار ئۇلمىسۇن دەپ دائىما مىللەت،
ئۆتتۈپ دەۋرى ئەسرى، دەۋرى ئىستىقلال باشلاندى،
پەيغەمبەر سۈننەتىنى ئەيلەمەك ئىجلال باشلاندى.

ئوقۇپ شارقى[4]لەرنى مەكتەبلىلەر[5] مىللەتنى مەست ئەيلەپ،
بۈيۈك سىردارلىرنى كۆرگەند،ە بى بىرىدىن سالام ئەيلەپ،
تۇمەننىڭ ئوتتۇرىسىغا تۇردىلەر بىرىپ قىيام ئەيلەپ،
تامام ئەسكەر تۇرۇپ سەپ، ئاچتىلار يول ئىھتىرام ئەيلەپ،
ئۆتتۈپ دەۋرى ئەسرى دەۋرى ئىستىقلال باشلاندى،
پەيغەمبەر سۈننەتىنى ئەيلەمەك ئىجلال باشلاندى.

قىيامى سائەت ئىككىدە خالايىق ئىنتىزار ئەردى،

---

[1] خىلئەت ـ لىباس.

[2] تەمىز ـ پاكىز.

[3] بادىسابا ـ تاڭ شامىلى.

[4] شارقى ـ ناخشا.

[5] مەكتەبلىلەر ـ ئوقۇغۇچىلار.

كۆتۈپ ئەل باش ۋەكىلنى، بارچىسى بىردىن تۇرار ئەردى،
ئالۇغا رەسىممىزنى ئەجنەبىي شەخسلەرمۇ بار ئەردى،
ۋەكىللەر نامىنى بىلمەك ئۈچۈن، يۇرت بىقارار ئەردى،
ئۆتۈپ دەۋرى ئەسىرى، دەۋرى ئىستىقلال باشلاندى،
پەيغەمبەر سۈننەتىنى ئەيلەمەك ئىجلال باشلاندى.

كېلىشتىلەر ئۇشول دەم، ھاجى سابىت بىرلە مېھمانلار،
سالام ئەيلەپ تاۋازۇ[1] قىلدىلەر مەيداندا تۇرغانلار،
ھەممە ئەسكەرلىرى بىلەن يېتىپ كەلدى قوماندانلار،
ئەدۇۋ[2]لار قايغۇدا، خۇرسەن ئىدىلەر ئەھلى ئىمانلار،
ئۆتۈپ دەۋرى ئەسىرى، دەۋرى ئىستىقلال باشلاندى،
پەيغەمبەر سۈننەتىنى ئەيلەمەك ئىجلال باشلاندى.

ئوقۇلدى ھاجى سابىتنىڭ تامانىدىن بايانامە،
ۋەكىللەر شام بولدىلەر، خالايىق مىسلى پەرۋانە،
قىلىپ ئېلانى ئىستىقلال، قۇرۇلدى مىللىي دەۋرانە،
تۇرار ئەردى ئەسكەرلەر، سەپ تۈزۈپ مەيداندا مەردانە،
ئۆتۈپ دەۋرى ئەسىرى، دەۋرى ئىستىقلال باشلاندى،
پەيغەمبەر سۈننەتىنى ئەيلەمەك ئىجلال باشلاندى.

بىرەر يۈز پاي توپ ئېتىپ، مىللىي كۆك بايراقنى ئاستىلەر،

---

[1] تەۋازۇ - تەكەللۇپ، كەمتەرلىك.

[2] ئەدۇۋ - دۈشمەن.

ئوقۇپ مەكتەبلىلەر شارقىنى دىللەرنى ئاچتىلەر،
مۇناپىق دىنى ساتقۇنلار ئويلىنىپ ھەسرەتتە قالدىلەر،
نامايىش ـ نامايىش ھېكمەتىنى بىلدىلەر ئاخىر ئويالدىلەر،
ئۆتۈپ دەۋرى ئەسرى، دەۋرى ئىستىقلال باشلاندى،
پەيغەمبەر سۈننەتىنى ئەيلەمەك ئىجلال باشلاندى.

بولۇپ ھەيئەت رەئىسى ھاجى سابىت ئەقلى كامىلدىن،
يەنە ئەدلىيەگە ھاجى زىرىپ ئەھلى ئەدالەتتىن،
كى ئەۋقاف نازىرى ئول ھاجى شەمسىددىن ئەفازىل[1]دىن،
مۇپەتتىش ھاجى ئەلەم بولدى ئۆز كارىغە ئامىلدىن،
ئۆتۈپ دەۋرى ئەسرى، دەۋرى ئىستىقلال باشلاندى،
پەيغەمبەر سۈننەتىنى ئەيلەمەك ئىجلال باشلاندى.

مائارىپ نازىرى مەخدۇم، تىجارەت ئوبۇلھەسەن ھاجى،
يەنە ئىچكى ئىشلىرى نازىرى يۇنۇس سەئىد ھاجى،
ئەلى ئاخۇن بولۇپ مالىيەگە، سەھىيەگە خانى،
بولۇپ ھېچ قالمىدى مىللەتىنىڭ ئارمانى،
ئۆتۈپ دەۋرى ئەسرى، دەۋرى ئىستىقلال باشلاندى،
پەيغەمبەر سۈننەتىنى ئەيلەمەك ئىجلال باشلاندى.

دۇئا ئەيلەپ دۆنۈپ[2] بارچە ھېيتگاھقا يىغىلدىلەر،

---

[1] ئەفازىل ـ پەزىلەت ئىگىلىرى.

[2] دۆنۈپ ـ (تۈركچە) قايتىپ.

ھۇجۇم ئەيلەپ خالايىق ئۈست - ئۈستىلىرىگە تىقىلدىلەر،
مۇجاھىدلەر كېلىپ سەپ تارتىپ بىر - بىر تىزىلدىلەر،
بەلەن[1] ئاۋاز بىلەن باش ۋەكىل سۆزگە كىرىشتىلەر،
ئۆتۈپ دەۋرى ئەسىرى، دەۋرى ئىستىقلال باشلاندى،
پەيغەمبەر سۈننەتىنى ئەيلەمەك ئىجلال باشلاندى.

دېدى: يۇرتداشلىرىم بۈگۈن ئاسارەتتىن قۇتۇلغان كۈن،
بۈگۈن كۆلپەتتە چەككەن ئاھىمىز تەڭرىگە يەتكەن كۈن،
بۈگۈن ئەركىن بولۇپ مىللەتنىڭ ھۆكۈمەت قولىغا كىرگەن كۈن،
مۇجاھىدلار ۋەتەندىن دۈشمەن يىلىكىنى قۇرۇتقان كۈن،
ئۆتۈپ دەۋرى ئەسىرى، دەۋرى ئىستىقلال باشلاندى،
پەيغەمبەر سۈننەتىنى ئەيلەمەك ئىجلال باشلاندى.

بۈگۈن مەھكۇمىيەتتىن ھاكىمىيەتكە قەدەم باستۇق،
ئاچىلدى بابى[2] رەھمەت، بەخت نۇسرەتلىك ئەلەم ئاستۇق،
يېقىلماس ھەم يوقالماس شانلىق شەۋكەتكە قەدەم باستۇق،
ئېلىپ ئىبرەت بۈگۈندىن غالىبىيەتكە قەدەم باستۇق،
ئۆتۈپ دەۋرى ئەسىرى، دەۋرى ئىستىقلال باشلاندى،
پەيغەمبەر سۈننەتىنى ئەيلەمەك ئىجلال باشلاندى.

بىلىڭ بىر نەچچە يىللار كەتتى دۆلەت جاھىلىيەتتىن،

[1] بەلەن - ياخشى.

[2] باب - (ئەرەبچە) ئىشىك، دەرۋازا.

بىلىڭ مەھكۇمىيەتنى ياخشى كۆردۇق ھاكىمىيەتتىن،
يېتىشتى زۇلۇم - كۇلپەت پەس تەبىئەت غەيرى مىللەتتىن،
چىقاردى ئۆزگىلەر بىزنى قاتارى ئادەمىيەتتىن،
ئۆتۈپ دەۋرى ئەسىرى، دەۋرى ئىستىقلال باشلاندى،
پەيغەمبەر سۈننەتىنى ئەيلەمەك ئىجلال باشلاندى.

كېلىڭ دىنداشلىرىم مىللەتكە خىزمەت ئەيلەيىڭ ئەمدى،
ۋەتەننى ساقلىماققا تىنمايىن غەيرەت قىلىڭ ئەمدى،
ئەيا زاھىد سۈپەتلەر تەرك ئېتىپ خىلۋەتى چىقىڭ ئەمدى،
ئۇلۇغ ئەركىن ھۆكۈمەت قەدرىنى تولۇق بىلىڭ ئەمدى،
ئۆتۈپ دەۋرى ئەسىرى، دەۋرى ئىستىقلال باشلاندى،
پەيغەمبەر سۈننەتىنى ئەيلەمەك ئىجلال باشلاندى.

تامام ئەيلەپ سۆزىنى قىبلىگە بېقىپ دۇئا قىلدى،
تەمەننى ئەيلىدى يىغلاپ «ئىلاھى رەببەنا» دېدى،
«بۇ يولدا بىر نەچچە ئەرلەر ساڭا جانلار پىدا قىلدى،
ئىنايەت ئەيلىگىن ئۇلارغا» دەپ ھەدسىز[1] رىجا قىلدى،
ئۆتۈپ دەۋرى ئەسىرى، دەۋرى ئىستىقلال باشلاندى،
پەيغەمبەر سۈننەتىنى ئەيلەمەك ئىجلال باشلاندى.

تۇغرۇل رەھىمى

[1] ھەدسىز - ھەددى - ھېسابسىز.

## ئالتاي تاغلىرى

ئالتاي تاغلىرى چېچەكلەر ئاچار،
ئالتۇن - كۈمۈش ئوردۇ[1]لىمىز ھەيبەتلەر ساچار،
بۇزۇلمۇش[2] خىتايلار يەل كەبى قاچار،
ئارسلان يىگىتلەر قوغلاپ ئات چاپار،
قەدەر بۇنداق ئىمىش ئەي غېرىب ئاتا،
قانىم پىدا بولسۇن بۇنداق ۋەتەنگە.

مەن بىر تۈركمەن ئۆلمەك ئىستەيمەن،
دۇنياغا ھاكىم بولماق ئىستەيمەن،
ئەگەر شەھىد بولۇر ئىسەم،
جەننەت بولۇر ئۆلگەن يېرىم،
قەدەر بۇنداق ئىمىش ئەي غېرىب ئاتا،
قانىم پىدا بولسۇن بۇنداق ۋەتەنگە.

ئالتاي تاغلىرى، قاراسۇ تاغلىرى،
شەھىد بولغانلارنىڭ ئانىسى يىغلار،
ئاتىسىز يېتىملەر، يوللارغا باقار،

[1] ئوردۇ - ئارمىيەمىز.
[2] بۇزۇلمۇش - ۋەيران بولغان، بۇزۇلغان.

مەھزۇن كۆزلىرى يۈرەكنى ياقار،
ئالتاي تاغلىرىدا كۆيدۇم ئىسسىققا،
توڭۇپ ئايلىنىمەن مىلتىق قوچاقتا،
دۈشمەن يەرلىرىنى ئىزدەپ ئاختۇرۇپ،
تىنماي تۈندە، كۈندە، ھەر يەردە،
قەدەر بۇنداق ئىمىش ئەي غېرىب ئاتا،
قانىم پىدا بولسۇن بۇنداق ۋەتەنگە،

مەخمۇد نەدىم

## تۈرك ئوغلىمىز[1]

تۈرك ئوغلىمىز ئەي ئاداشلار،
بىردۇر بىزنىڭ يۇرتىمىز،
يۇرۇمەكتۇر، ئىشلەشتۇر،
ۋەتەن ئۈچۈن بۇرجىمىز،
شان كەلتۈردى شان ئالدى،
مۇشۇ ھەيۋەتلىك ئارمىيەمىز.

ياستۇقۇمىز تاشتىن بولسا،
يوتقىنىمىز ياپراقتىن،
ۋاز كەچمەيمىز بۇ ئارمىيەدىن،
بۇ شانلىق كۆكبايراقتىن،
تەكرە[2]لىمىز دۇر مازار تېشى،
پالاسىمىز توپراقتىن،
يۇرتىمىزنى ساقلايمىز،
ۋەھشىي يىرتقۇچ تىرناقتىن.

مەخمۇت نەدىم بەگ

[1] شېئىرنىڭ ماۋزۇسى نەشرگە تەييارلىغۇچى تەرىپىدىن قويۇلدى.

[2] بەزى يۇرتلارنىڭ شىۋىلىرىدە تەكيە ـ تەكرە، دەپ ئاتىلىدۇ.

## غەيرەتلىك باتۇر

غەيرەتلىك باتۇر،
دۈشمەن ئۈستىگە يۈر،
قويما ۋەتەندە،
زالىملەرنى سۈر.

تۈرلۈك ئەلەملەر،
چەكتىڭ يارەنلەر،
سانسىز ستەملەر،
قىلدى يامانلار.

ئىلىڭنى ئەزدى،
يۇرتۇڭنى بۇزدى،
ئەھلى - ئايالىڭ،
غۇربەتتە يۈردى.

ناھەق سېلىنغان،
باج بىلەن ئالۋان،
بايلىقلىرىڭنى،
قىلغانتى تالان.

شورىدى سۈلۈكتەك،
قانىڭنى ساتتىڭ،
ھەسرەتلەر ئايلاپ،
زەرداپنى يۇتتۇڭ.

ئاھۇ پىغانلار،
چىقتى پەلەككە،
ئۆرلەپ يېتىشتى،
مەسۇم مەلەك[1] كە.

ۋەھشەت سوزۇلدى،
ئاتمىش يىل بولدى،
مەجرۇھ يۈرەكلەر،
قانلارغا تولدى.

تۈگىدى چىداش[2]،
قوزغالدى ئەرلەر،

[1] مەلەك - پەرىشتە.

[2] سەۋر - تاقەت.

ئۈزۈلدى ئەمدى،
تۆمۈر كىشەنلەر.

ئەي شانلىق مىللەت،
ئېتىڭنى ئوينات،
مىلتىقنى تولدۇر،
ئۆزۈڭنى ئاڭلات.

ئىلگىرىگە ئاتلا،
رەھىم ئەتمە ئەسلا،
ئالدانمىغىن ھېچ،
يۇرتۇڭنى ساقلا.

بەيز[1] قىلىچنى،
غىلاپتىن سۇغارغىن،
ئال ئەمدى ئۇچنى،
توغراپ قەلەم قىل.

تۈركنىڭ ئۇچىقى،
ئۆچمەس چىرىغى،
ھەرگىز ياراشماس،
يىرتقۇچ سورىغى.

تۇڭگان خىتايلار،
يۇرتۇڭنى كۆزلەر،
ھاكىملىق ئەيلەپ،
ئەزمەكنى خالار.

تىنىچ تۇرسا تۇرسۇن،
بولمىسا كەتسۇن،
گەنسۇغا بېرىپ،
ھۆكمىنى يۈرۈتسۇن.

دەردلىك ۋەتەنداش،
ھەق ساڭا يولباش،
ئىمانۇ پاكلىك،
قەلبىڭدە يولداش.

ئۆلگەن شېھىتتۇر،
جايى بېھىشتۇر،
قالغانلار غازى،
تەڭرىم سۆزىدۇر.

قۇرئان ئوقۇيدۇ،
يادقا ئالىدۇ،
ئەۋلادلىرىڭ ھېچ،
ئۇنۇتمايدۇ.

[1] بەيزا - ئاپئاق.

تەگرىم مەدەت قىل،
نۇسرەت كەرەم قىل،
جانبازلىق قىلغان،
ئەرنى شاد قىل.

ئەي سۇپىزادە،
بولغىن دۇئادا،
يولداشلىرىڭ ھەم،
يەتسۇن مۇراتقا.

# يۇرت خەۋەرلىرى

## ئوسمان ئەلى بەگ نېمشقا ۋە قانداق تۇتۇلغان

ئوسمان ئەلى بەگ بىلەن قوشمەت ئىككىسى شەرىئەتكە بويۇن ئەگمەي، ھۆكۈمەتكە ئىتائەت قىلماي، ئۆز بېشىچە دۆلەتكە قاراشلىق قورال ـ ياراغ، مال ـ ئەشيالارنى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىپ، يول توسۇپ يولۇچىلارغا، كارۋانلارغا زۇلۇم ۋە تاجاۋۇز قىلىپ، تىنچلىق ۋە ئاسايىشلىقنى بۇزغان ئىدى. (ئۇلار) ھۆكۈمەت تەرىپىدىن قىلىنغان نەسىھەت ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلارغا پىسەنت قىلمىدى. بۇلارنىڭ قىلمىشلىرىغا ئاساسەن، مىنىستىرلار ھەيئىتى بۇ ئىسيانكارلارنى تۇتۇش ئۈچۈن قارار ماقۇللىدى.

باش مىنىستىرنىڭ پەرمانى بىلەن، 7 ـ شەئبان ئېيى يەكشەنبە كۈنى (1933 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى) يولغا چىقتىم. مىڭ يولدا قونۇپ، كېيىنچە مىڭبېشىنى ئەپۇنامە بىلەن بىر دانە قۇرئان ھەكىمنى بېرىپ يوللىدىم. بۇندىن بۇرۇن شەھەردىن بىر قاتار كىشىلەرنى، كېيىنچە مەزكۇر مىڭبېشىنى ئىبەرگەن ئىدىم. ئوسمان ئەلى بەگ بىزنىڭ ئەلچىمىزنى ياخشى قوبۇل قىلىپ، ئىززەت ۋە ھۆرمەت بىلەنياندۇرغان ئىدى. ئىككىنچى تىنچلىق كۆرۈشمىسدە مىڭبېشى تېخى يولدىكى ۋاقىتتا، ئوسمان

ئەلى بەگنىڭ يوللىغان ساقچىلىرى بىزگە قارىتىپ ئوق ئېتىپ ئۇرۇش ئاچتى. بۇلارنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن بىز گۇمانلاندۇق، ئوسمان ئەلى بەگنىڭ بىزگە ھىيلە ـ مىكىر قىلىغانلىقى سېزىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، توغرا چوڭ يولنى قالدۇرۇپ، قاراڭغۇلۇق ئىچىدە قىزىل ئۆينىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن ـ كانسۇيى دېگەن يەردىن توسۇپ چىقتىم. بىز يېتىپ بارغۇچىلىك ئۇ يەردىكى بەزى بۇلاڭچى تاماخورلارنىڭ سۆزى بىلەن غانجۇغان پاشاسى (بېگى) بىلەن قېچىشقا ئۈلگۈرگەن ئىكەن. ئۇزاقتىن قارا بولۇت كەبى كېلىۋاتقان ئەسكەرلەرنى كۆرۈپلا ئىچ كىيىم بىلەن، ھەتتا تۇماقلىرىنىمۇ ئېلىشقا ئۈلگۈرمەستىن مەشرەپ داۋانغا قاراپ قاچقان. ئۇشبۇ يەردىكى نەرسىلەرنى ساقلاش ئۈچۈن بىر مۇنچە ئەسكەرنى قالدۇرۇپ، ئوسمان ئەلى بەگنى قوغلاپ كەينىدىن يۈرۈدۇق.

مەشرەپ داۋاننىڭ غەربىي تەرىپىدىكى ئوقسۇلۇدا (ئۇنى) 23 نەپەر ئەسكىرى بىلەن قولغا ئالدىم. ئۇست كىيىمى نېپىز ئىكەن، دەرھال پوستونۇم (ھەربىي فورمام) نى سېلىپ ئۇستىگە يېپىپ، تۇماقنى كەيگۈزۈپ، ئۇن ئوق بىلەن ئوقلاغلىق تاپانچا بېرىپ، تاققۇزۇپ قويدۇم. قوش مۇھەممەد قانىسىدىنىڭ تاپانچىسىنى ئالمىدىم. ئوسمان پاشاغا يۈز ئەللىك سەر پۇل بەردىم، ئۆزىنىڭ ھەم ئائىلىلىرىنىڭ بەش ساندۇقتىكى قىممەت باھالىق نەرسىلىرىنى تاپشۇردۇم. تۆت گىلەم، 10 دانە تاۋار كۆرپە، ئۇن بەش تاغار گۈرۈچ،

ئون بەش تاغار ئۇن بەردىم. ئوسمان ئەلى بەگنىڭ ئۇكىسى شەھدار باتۇرنىڭ ئائىلىسىگە بىر يورۇش ئۆي، 2 دانە گىلەم، سەككىز دانە تاۋار كۆرپە بەردىم. ئەدىنىڭ ئوغلىغا بىر ئات، ئۇكىسىنىڭ ئوغلىغا بىر ئات بەردىم. يولدا تىنچلىق ۋە ئاسايىشلىقنى ئورۇنلاشتۇردۇم. ئوسمان ئەلى بەگنى ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن كەلتۈرۈپ، باش ۋەكىلگە تاپشۇردۇم. پەخرىي ساقچىلار بىلەن ھۆرمەت بىلەن تىنچ ياشىماقتىدۇر.

*مەركەز قوماندانى: يۇسۇپجان*

## ۋەكىل ئابدۇللىتىپ ئەپەندىنىڭ تەشرىپى

15 - شەئبان ئېيىدا (1933 - يىلى 12 - ئاينىڭ 3 - كۈنى) رەئىسى ھەزرەتلىرىنىڭ ھۇزۇرى ئالىيلىرىدىن ئالىي يارلىقلار بىلەن مۆھتەرەم ۋەكىل ئابدۇللىتىپ ئەپەندى باش ۋاكالەت (باش مىنىستىر مەركىزى) كە تەشرىپ قىلدى. مەزكۇر ئەپەندىنىڭ تەشرىپى مۇناسىۋىتى بىلەن، باش مىنىستىرلىقتا بارلىق قوماندانلارنىڭ پەۋقۇلئاددە (ئالاھىدە) مەجلىسلىرى بولدى. ئەتىسى كۈن مۆھتەرەم ۋەكىل ئەپەندى يېڭى شەھەرگە چىقىپ، ئۇ يەردە تۇرغانلىقى سەۋەبىدىن تۇڭگانلار بىلەن يېڭىدىن سوقۇش باشلاندى.

## مىللىي ئىجاد

ھۇنەرۋەنلىرىمىزدىن مۇھەممەد ئاخۇن تاھىرزادىنىڭ ئىشلەپ چىقارغان ياغاچ مەتبەئەسى ئىشقا كىرىشتى. مەتبەئە مائارىپ نازارىتىنىڭ تەسەررۇپىدىدۇر. ھازىر مەكتەپ دەرسلىكلىرىنى بېسىش بىلەن مەشغۇلدۇر. بارلىق كۆپەيتىش ئىشلىرىنى قوبۇل قىلىشقا تەيياردۇر. بۇ مەتبەئە مائارىپ نازارىتىدە ئۆزۈن مۇددەت مۇئەتتەل (تاشلىنىپ تۇرغان) تۇرغان ئىدى. بۇ توغرىلىق تاھىرزادە ئىستىقلال جەمئىيىتىگە مەلۇمات بېرىپ، جەمئىيەتتىن ياردەم سورىغان ئىدى. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن جەمئىيەت، مەتبەئەنى ئۆزىنىڭ قارمىقىدا ئىشلىتىشكە ھازىرلىق قىلغان ئىدى. ئاڭلىساق مائارىپ نازارىتى مەتبەئەنى ئىشلىتىشكە باشلاپتۇ. ئۇنىڭ ئۈچۈن مىللىي مەتبەئەنى ئىستىقلال جەمئىيىتىنىڭ قارمىقىغا ئېلىش مەسىلىسىنى ۋاقىتلىق توختاتتى.

## غالادانى بانكىسى

شەرقىي تۈركىستان تىجارەت ۋە زىرائەت نازارىتىنىڭ يېنىدا، «مىللىي ئامانەت غالادانى» بانكىسى ئېچىلدى. بانكا مۇدىرلىقىغا ئەخمەت ئاخۇن مۆمىنزادە تەيىنلەندى. كۆپتىن بېرى مۇشۇنداق مىللىي بانكىغا بەك زۆرۈر ئېھتىياج

بار ئىدى. خۇسۇسەن سودىگەرلىرىمىزنىڭ ئىشلىرىنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن مىللىي بانكىنىڭ ئەھمىيىتى بۈيۈكتۇر.

## ئۇنىڭدىن - بۇنىڭدىن

بەزى مۇھىم مۇزاكىرىلەر ئۈچۈن ئاقسۇغا كەتكەن مالىيە نازىرى مۆھتەرەم ئەلى ئاخۇن باي جانابلىرى، سائادەتلىك غازى ئاتىمىز (خوجىنىياز ھاجىم) نىڭ زاتى شاھانىلىرى تەرىپىدىن بۈيۈك ئېھتىرام، ئالىي ئىلتىپاتلىرىغا مەزھەر (نائىل) بولۇپ، 17 ـ رامىزاندا (1934 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى) قەشقەرگە تەشرىپ قىلدىلەر.

باش ۋاكالەت ئىدارىسىنىڭ مەسئۇل مۇدىرلىقىغا مۇھەممەد رىزاخان تەيىن قىلىندى.

## ئالىي جاناپلار

مەركەز قوماندانى يۇسۇپجان غازى ھۆكۈمەت تەرىپىدىن بېرىلگەن ئايلىقىدىن يەتتىدىن بىر بۆلىكىنى ئېلىپ، قالغان ئالتە بۆلىكىنى مۇجاھىدلارنىڭ پايدىلىنىشىغا بەردى.

مەركەز قوماندانى قۇدرەتۇللاخان ئەپەندى ئايلىقىنىڭ

بەشتە بىرىنى ئېلىپ، قالغان تۆت بۆلىكىنى مۇجاھىدلارنىڭ پايدىلىنىشىغا تاپشۇردى. خۇدايى تائالانىڭ يولىدا كۈچىنى، ئۆمرىنى، جېنىنى ۋە مېلىنى پىدا قىلغۇچى ئالىي ھىممەت جۇۋانمەرت باتۇرلىرىمىز ئىسەن بولسۇن.

## تىجارەت نازارىتىگە:

باش مۇدىرلىققا ئاقچۇرە ئوغلى يۇسۇپ مۇزەپپەر بەگ تەيىنلەندى.

خۇسۇسى ئالاقە يوقىتىلدى (مەنئى قىلىندى).

خارىجى (تاشقى) دۆلەتلەرنىڭ سودا ۋەكىللىرى بىلەن بۇنىڭدىن كېيىن ھېچبىر سودىگەر خۇسۇسى ئالاقە قىلمايدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن بولغۇسى سودا - ئالاقىلەرنى ھۆكۈمەت ئارقىلىق تىجارەت ۋە زىرائەت مىنىستىرلىقى قىلىدۇ. دېمەك، سودىگەرلىرىمىز تىجارەت مىنىستىرلىقىغا مۇراجىئەت قىلىدۇ. ئۆز بېشىچە ئالاقە قىلغان كىشى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ دەپ مىنىستىرلار ھەيئىتى توختام قىلمىشتۇر.

## بىلدۈرۈش (ئۇقتۇرۇش):

مۆھتەرەم ئوقۇغۇچىلىرىمىزغا بىلدۈرىمىزكى، مەجمۇئەمىز

(ژۇرنىلىمىز) نىڭ كەلگۈسى ئۈچىنچى سانى بۈيۈك باتۇر رەئىسى جۇمھۇر غازى ئاتىمىز خوجىنىياز ھاجىم ھەزرەتلىرىگە بېغىشلىنىپ چىقىدۇ.

تۈزىتىش: نازارەتلەرنىڭ ئىككى شۆبىسىگە ئالاقىدار تەقسىمات ھەققىدە مەتبەئە خاتالىقى كۆرۈلگەن بولۇپ، ئۇشبۇ خاتالىقلار تۈزىتىپ ئوقۇلسۇن:

1 ـ ماددىغا «مىللىي مۇداپىئە ھەم ئىقتىساد نازارەتلىرى» ھەربىيە، خارىجىيە، مالىيە ھەم تىجارەت، سانائەت، زىرائەت.

2 ـ ماددىغا «ئىدارە ھەم مەدەنىي نازارەتلەر» داخىلىيە، دىنىيە، ئەدلىيە، مائارىپ، ئەۋقاپ ھەم ھىپزۇسسەھھەت (سەھىيە).

## ئىستىقلال جەمئىيىتىنىڭ ئىلمىي ھەيئىتى تەرىپىدىن

مەجمۇئەمىزگە ھۆكۈمەت ئىسلامىيەمىزگە بېغىشلانغان قۇرۇلۇش نىزامنامىسى دەرج (ئىلاۋە) قىلىندى. نىزامنامىدە نازارەتلەرگە بىرمۇنچە نىزام ـ قانۇنلار يۈكلەندى. ھۆكۈمىتىمىز تۈركلەرنىڭ ئاتا بوۋىلىرىدىن قالغان خەلقچىلىق، مەسلىھەتچىلىك ئاساسىدا قۇرۇلغاندۇر. بىزنىڭ لايىھەلىرىمىزدە كەمچىلىكلەرنىڭ بارلىقى تەبىئىي. لېكىن،

مىللەت مەجلىسى ۋە ھۆكۈمىتىمىز بۇلارنى كۆرۈپ تەنقىد قىلىدۇ، تەسھىھ قىلىدۇ (تۈزىتىدۇ) ۋە تەكمىل قىلىدۇ (تولۇقلايدۇ). ئەلۋەتتە، ھەيئەت بۇنى بىلىپ تۇرۇقلۇق يالغۇز مىللەتكە خىزمەت قاتارىدا تەكلىپ قىلغاندۇر.

ئېھتىرام بىلەن: ئىلمىي ھەيئەت

# پايدىلانغان ماتېرىياللار


- ئىستىقلال مەجمۇئەسى، 1933م، قەشقەر.
- يالقۇن روزى، «ئۇيغۇرنىڭ ئەجداد روھى»، شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى، ئۈرۈمچى 2013 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.
- شېرىپ نىياز خۇشتار، «شىنجاڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا ئۆتكەن شەخسلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئۈرۈمچى 2003 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.
- مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، «شەرقىي تۈركىستان تارىخى»، ئۇفسەت مەتبەئەچىلىك نەشرىياتى، ئەنقەرە 1987 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.
- مۇسا تۈركىستانى، «شەرقىي تۈركىستان پاجىئەسى»، سۇتۇق بۇغراخان مائارىپ نەشرىياتى، ئىستانبۇل 2008 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.
- «شىنجاڭ پۇللىرى» رەسىملىك توپلىمىنى تۈزۈش ھەيئىتى: «شىنجاڭ پۇللىرى»، شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى ـ 1993 يىلى 1 ـ نەشرى.
- باتۇر، «يازغۇچىلار بىلەن سۆھبەت»، ئېلكىتاب، يەر ۋە تارىخ يوق.
- سابىت ئىبنى ئابدۇلباقى، «شېرىك كالام»، تەكلىماكان ئۇيغۇر نەشرىياتى، ئىستانبۇل 2007 ـ يىلى 1 ـ نەشرى.

- خامادا ماسامى (ئۆمەرجان نۇرى تەرجىمىسى)، «شەرقىي تۈركىستان )شىنجاڭ( دا مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ تارقىلىشى» ئانا يۇرت ژۇرنىلى - 2014 - يىل 2 - سان.
- ئەركىن ئەكرەم، «چەنتۇ - ختاي مەنبەلىرىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر كىملىكىنىڭ شەكىللىنىش جەريانى»، ئانا يۇرت ژۇرنىلى - 2013 - يىل 4 - سان.
- زەرىف قارىھاجىم قەشقەرى، «تەپسىرى زەرىف»، سۇتۇق بۇغراخان نەشرىياتى، ئىستانبۇل 2008 - يىلى 1 - نەشرى، 1. جىلد.
- http://www6.ub.lu.se/externt/dokument/pdf/jarring/Kashgar/Kashgar_Newspaper_Vol1.pdf (2018 - يىلى 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى)
- http://www.uighurislam.net/thread-235-1-1.html (2018 - يىلى 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى)
- http://www6.ub.lu.se/externt/dokument/pdf/jarring/Kashgar/Kashgar_Newspaper_Vol1.pdf (2018 - يىلى 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى)
- http://ekitap.kulturturizm.gov.tr/Eklenti/12098,muhammedserifsufizadepdf.pdf?0 (2018 - يىلى 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى)
- https://ug.wikipedia.org/wiki/%D8%AE%D9%88%D8%AC%D9%89%D9%86%D9%89%D9%8A%D8%A7%D8%B2_%DA%BE%D8%A7%D8%AC%D9%89 (2018 - يىلى 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى)
- https://www.rfa.org/uyghur/xewerler/tepsili_xewer/qasimjan-haji-12312010163816.html (2018 - يىلى 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى)
- http://www.gokbayrak.com/haberler/cin-istihbarati-osmanli-sehzadesi-abdulkerim-efendiyi-oldurttu (2018 - يىلى 10 - ئاينىڭ 30 - كۈنى)
- http://www.dogrulus.com/yazi/4805/DOGU-TURKISTANDA-SEHZADE-ABDULKERIM-EFENDININ-YETIMLERI.html
- http://www.uygur.biz/Tarih/1286

(2018 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى)

- http://uyghurmuslim.com/news/2/www.kalbsadasi.com
(2018 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى)
- http://uy.ts.cn/content/2008-12/22/content_138508.htm
(2018 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى)
- https://ug.wikipedia.org/wiki/%D9%85%DB%87%D8%B3%D8%A7%D8%A8%D8%A7%D9%8A%D9%88%DB%8B_%DB%8B%DB%95_%D8%A6%DB%87%D9%86%D9%89%DA%AD_%D8%B3%D9%88%D8%AF%D8%A7_%D9%83%D8%A7%D8%B1%D8%AE%D8%A7%D9%86%D9%89%D8%B3%D9%89_Musabayof_we_uning_soda_karxanisi
(2018 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى)
- http://qerindashlar.com/198/165/
(2018 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى)
- https://www.elkitab.org/wp-content/uploads/2017/06/FAJIE.pdf
(2018 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى)

بۇ ئەسەردە، ئەجدادىمىزنىڭ 20 - ئەسىرنىڭ ئىككىنچى چارىكىدىكى ھەربىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، مۇستەبىت خىتاي ئىشغالچىلىرىغا قارشى مۇرنى مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلىش ئارقىلىق، مىڭبىر مۇشەققەتتە قۇرۇپ چىققان مۇستەقىل «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» دۆلىتىنىڭ كارتىناسىنى ئەينى چاغنىڭ مەتبۇئاتلىرىدا ئېلان قىلىنغان ئىلمىي پاكىتلار ئارقىلىق يورۇتۇپ بېرىشكە تىرىشتۇق.

تارىختا ئالاقىدار ماتېرىياللارنى بۈگۈننىڭ كۆزى بىلەن ئوقۇغاندا، تارىختا بولۇپ ئۆتكەن ۋەقە ۋە ھادىسىلەرگە، شۇنداقلا ئۇ زامان تىلىمىدىكى كىشىلەرگە توغرا باھا بېرىش، ئۇلارنى ئۆزلىرىگە لايىق رەۋىشتە ھۆرمەتلەش ياكى ئەيىبلەش قانچىلىك قىيىن ۋە مۇشەققەتلىك بولسا، ئۇنى بۈگۈننىڭ ئەمەلىيىتىگە سېلىشتۇرۇپ ئىبرەت ئېلىش ئارقىلىق كېلەچەككە قاراپ توغرا يۆنىلىش بويىچە ئىلگىرىلەشمۇ شۇنچىلىك مۇھىم ۋە مۇشەققەتلىك ئىشتۇر.

جانابى ئاللاھتىن ئالەمچە ئىپتىخار بىلەن باشلىنىپ، تولىمۇ ئېچىنىشلىق قىسمەتلەر بىلەن ئاخىرلاشقان شۇ تارىخىي مۇساپىدىن ھەقىقىي رەۋىشتە ئىبرەت ئېلىپ، تارىختىكى مۇستەقىل جۇمھۇرىيەتلىرىمىزنى ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئەسلىگە كەلتۈرۈشىمىزگە نېسىپ قىلىشىنى تىلەيمەن. ئامىن!

تارىخ ھەقىقەت ئېگىلۇر سۇنماس،
ئۆلۈكنى قار بىلەن كۆمگىلى بولماس.
تارىختۇر ئۆتمۈشنى ئەسلەتكۈچ كومپاس،
كەلگۈسى ھاياتقا قانۇنىي ئاساس.

ئابدۇلھەمىد راشىدىن مۇپتىھاجىم

THG
0202589
NEC
0202589 NEC